ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

## ( ئىجتىمائىي پەن قىسمى )

1

1986

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

1986 - يىل 1 - سان

★

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

تەھرىر بۆلۈمى نەشر قىلدى

(ئومۇمىي 25 - سان)


# مۇندەرىجە


مائارىپ ئىقتىسادشۇناسلىقىنى تەتبىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرەيلى ..........
........................................ جۇماخۇن نىياز 1

ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى ئۆزلۈكسىز زورايتىش ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى جارى
قىلدۇرۇش - جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى ..............
........................................ ئىسلامجان شېرىپ 17

مۇۋاپىق باھا سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم
........................................ ئىسمائىل نىياز 31

ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۈچىنچى كەسپنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغ-
رىسىدا ........................................ خەلىپىدىن مۇسايوپ 42

بەدىئىي زوق ۋە مىللىي ئەنئەنە ........................ سالى خۇدا بەردى 47

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئىستېتىك تەربىيە توغرىسىدا...... مىرزىگۇل خۇدابەردى 54

سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسى ..... ........... شاۋشىيەن (ئىمىن توختى تەرجىمىسى) 69

«قىزىل قاغا مىڭ ئۆي» ئاتالغۇسى توغرىسىدا ........... مەھەممەت داۋۇت 73

ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى ئاتالغۇلارنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى
توغرىسىدا ........................................ ئابلىمىت روزى 78

لوگىكا، گراماتىكا ۋە ئىستىلىستىكىنىڭ مۇناسىۋىتى........ رازاق مەتنىياز 91

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلىكى ....................
........................................ مەتتۇردى مىرزەخمەت 108

ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشما جۈملە ........................ راخمان خانبابا 123

ھىجرىيە ۋە مىلادىيە كالېندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى ..............
........................................ يۈسۈپ ئوربىلى

كتاب تور بيكتى www.uyghurkitap.com

新疆大学学报 （哲学社会科学版） 1986年第1期
季 刊
新疆大学学报编辑部 编辑出版 （总第25期）

# 目　　录

1、重视教育经济学的研究……………………………………………………居马洪·尼亚孜
2、壮大人才队伍并充分发挥作用是社会发展的必然要求…………斯拉木江·西力甫
3、建立合理的价格体系的几点看法……………………………………司马义·尼亚孜
4、我区发展第三产业的必要性…………………………………………合力甫丁·木沙
5、艺术欣赏与民族传统……………………………………………………沙力·胡达拜地
6、维吾尔诗歌中的美学性感…………………………………………………米尔孜古力
7、赛尔柱帝国…………………………………………………肖宪 文 伊明·托合提 译
8、“克孜尔克哈千佛洞”一词的来由……………………………………买买提·达吾提
9、几条维吾尔语名词的历史来源及含义……………………………阿不力米提·肉孜
10、逻辑、语法、修辞的关系………………………………………………热扎克·买提尼亚孜
11、学习近代维吾尔语的必要性……………………………………买吐尔地·米尔扎合买提
12、维吾尔语中的复合句……………………………………………………热合满·汗巴巴
13、回历与公历对照表………………………………………………………玉素甫·乌儿毕力
· 新疆古今 · 　涉车清真寺木殿阁楼…………………………………………冯斐　摄影（封底）

# مائارىپ ئىقتىسادشۇناسلىقىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرەيلى

جۇماخۇن نىياز

نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئىلىم - پەننىڭ بىر مۇنچە يېڭى ساھەلىرىگە يۈرۈش قىلىنماقتا. جۈملىدىن ياش پەنلەردىن بىرى بولغان مائارىپ ئىقتىسادشۇناسلىقىمۇ نۆۋەتتە كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى قوزغىماقتا. ئۇنىڭمۇ باشقا پەنلەرگە ئوخشاش تەتقىقات ئوبيېكتى، كونكرېت مەزمۇنى ۋە ئۆز ئالدىغا ۋەزىپىسى بار. بۇ ماقالىدا، ئۆزەمنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق بۇ جەھەتتە ھاسىل قىلغان دەسلەپكى تونۇشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بۇ ساھەگە قىزىقىدىغان ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان يولداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

## I

مائارىپ ئىقتىسادشۇناسلىقى - مائارىپنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدىكى رولىنى، ئەقلىي جەھەتتە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. كونكرېت ئېيتقاندا، ئىقتىساد بىلەن مائارىپتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىدىغان، يەنى مائارىپنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانىدا تۇتىدىغان ئورنى بىلەن ئوينايدىغان رولىنى ۋە مائارىپقا سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئىقتىسادشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىدىغان پەن.

مائارىپ بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتى باشقا ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە ئوخشاش ئۆزىگە خاس ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئىگە. بۇ مائارىپ بىلەن ئىقتىساد ئوتتۇرىسىدىكى مۇقەررەر، ماھىيەتلىك ئىچكى باغلىنىشتا ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مائارىپنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، ئۆزگىرىشىگە سەۋەپ بولىدىغان ئامىللارنى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تۈپ ئامىلى بول-

www.uyghurkitap.com

غان ماددى ۋاستىلارنى — تەكرار ئىشلەپچىقىرىشتىن، ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشىدىن، يەنى مائارىپ بىلەن ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى — مائارىپ بىلەن ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشى ئوتتۇرىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەتتىن ئىزدەش كېرەك. چۈنكى، ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىدا، مائارىپ بىلەن ئىقتىساد ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۇ ئىككىسىنىڭ باغلىنىش نۇقتىسى بولغان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشىدا روشەن ئىپادىلىنىدۇ. مائارىپنىڭ ئەمگەك ئىقتىدارىنى (بىلىم ھالىدىكى ئىقتىدارىنى، ئىجات قىلىش ئىقتىدارىنى) ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلىشى، مائارىپ بىلەن ئىقتىساد ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ ئومۇمى باغلىنىش بولۇپ، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشى ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىدىن بىرى، ماددى ۋاستىلارنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت ئىنسانلارنىڭ بۇ بىر ئاساسلىق ئەمەلىي پائالىيىتى، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشى بولسا ماددى ۋاستىلارنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ زۆرۈر شەرتى. جۈملىدىن ئۇ مائارىپنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى بەلگىلەيدۇ. مائارىپ ئەمگەك كۈچلىرىنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ زۆرۈر شەرتى. مەلۇم قابىلىيەتكە ۋە مەلۇم ماھارەتكە ئىگە ئەمگەك كۈچلىرى تەكرار ئىشلەپچىقىرىلمايدىكەن، ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، مائارىپسىز مەلۇم قابىلىيەت ۋە مەلۇم ماھارەتكە ئىگە ئەمگەك كۈچلىرىنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. ماددىي ۋاستىلارنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانمىسا مائارىپنىڭ راۋاجلىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن، مائارىپ ئىقتىسادشۇناسلىقىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مائارىپنى ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا قويۇپ تۇرۇپ، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشىدىن ئىبارەت بۇ بىر يادرولۇق مەزمۇننى دەۋر قىلغان ھالدا تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مائارىپنىڭ جەمىيەت تەرەققىياتىدىكى ئىقتىسادىي ئەھمىيىتىنى مائارىپنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىدا تۇتقان ئورنىنى ۋە ئوينايدىغان رولىنى كۆرسىتىپ بېرىش، بۇنىڭ بىلەن، مائارىپ بىلەن ئىقتىسادنىڭ، ماددىي ۋاستىلارنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئەمگەك كۈچلىرىنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇۋاپىق نىسبەتتە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن، مائارىپقا سېلىنغان مەبلەغنى ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر ئىلمىي ئاساس يەتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت.

ئۇنىڭدا مۇنۇ ئىككى تېما نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. بىرى مائارىپ بى-

لەن ئىقتىساد ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسى، يەنى مائارىپنىڭ ئىقتىساد-
نى قانداق يۈكسەلدۈرىدىغانلىقى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى بىر-
بىرىگە قانداق ماسلاشتۇرۇپ تۇرىدىغانلىقى، جۈملىدىن مائارىپنىڭ بىرەر دۆلەت
ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا
قانداق پايدا يەتكۈزىدىغانلىقى مەسىلىسى؛ يەنە بىرى، ئەقلىي جەھەتتە سېلىنغان
مەبلەغنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى قانداق ئۆلچەش ھەمدە مائارىپ چىقىمى بەلگى-
لەنگەن شەرت ئاستىدا ئەقلىي جەھەتتە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى
قانداق ئۆستۈرۈش مەسىلىسى. مەيلى ئالدىنقىسىدا ياكى كېيىنكىسىدە بولسۇن ھەر
ئىككىسىدە ئەقلىي جەھەتتە مەبلەغ سېلىشقا بېرىپ چېتىلىدىغان ئومۇمىي ئىقتىسا-
دىي نەزەرىيە مەسىلىلىرى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. بۇلار، مائارىپ بىلەن مالىيە ئوت-
تۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئىجتىمائىي مەبلەغ توپلاشنىڭ مەنبەسى ۋە يوللىرى، خەلق
ئىگىلىكىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت مۇناسىۋەت ۋە مائارىپ-
نىڭ خەلق ئىگىلىكىدە تۇتقان ئورنى قاتارلىق نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى، مائارىپ
راسخودىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىشلىتىش پىرىنسىپلىرىنى نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھ-
لەپ بېرىشنى، جۈملىدىن مائارىپ راسخوتىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىشلىتىش بىلەن
مەكتەپلەرنىڭ كۆلىمىنى بېكىتىش، مەكتەپلەرنىڭ جايلىشىشى، مائارىپنىڭ تېخنىكا
تۈزۈلۈشى (ئادەم كۈچى ئامىلى بىلەن ماددىي ئامىل ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت) ئوت-
تۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، مائارىپ تەرەققىياتىنى ئالدىنئالا مۆلچەرلەش قاتارلىق
مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگەندەك ئەقلىي
جەھەتتە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆلچەش ۋە ئۆستۈرۈش بىلەن
مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيە خاراكتېرلىك تېمىلار بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يەنە ما-
ئارىپ ئىقتىسادشۇناسلىقىنىڭمۇ مەزمۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مائارىپ ئىقتىسادشۇناسلىقى 60- يىللارنىڭ باشلىرىدا بىر مۇستەقىل پەن
سۈپىتىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن، ئۇ ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇقەر-
رەر مەھسۇلى. گەرچە قەدىمكى پەيلاپلارنىڭ ۋە يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن ئەنگلىيە
كلاسسىك سىياسىي ئىقتىسادشۇناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە مائارىپنىڭ ئىقتىسادىي جە-
ھەتتىكى ئەھمىيىتى توغرىسىدا بايانلار بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئالىملار ئىچى-
دە، رۇسىيىلىك ئالىم سترومىلىن (1877 — ؟) 1924- يىلى ئېلان قىلغان
«مىللىي مائارىپنىڭ ئىقتىسادىي ئەھمىيىتى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە، مائارىپ
بىلەن ئىقتىساد ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىقتىسادىي نۇقتىئىنەزەر ۋە ماتېماتى-
كىلىق ئۇسۇل بىلەن تەتقىق قىلىنغاچقا، بۇ مائارىپ ئىقتىسادشۇناسلىقىنى تەتقىق
قىلىشنىڭ باشلىنىشى دەپ قارالماقتا. 1935- يىلى ئامېرىكىلىق ۋالش تەرىپىدىن
يېزىلغان «ئادەم كۈچى توغرىسىدىكى كاپىتال قارىشى» دېگەن كىتاب نەشر قى-

تىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا قويۇپ تۇرۇپ تەكشۈرۈش ھەمدە ئۇنى ئەمگەك كۈچلىرىنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ زۆرۈر شەرتى دەپ ھېسابلاش، ھەرگىز ھەممە ئىجتىمائىي فورماتسىيىلەردىكى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئورتاق تەلىپى ئەمەس. مەسىلەن، قول كۈچىگە تايىنىدىغان ئەمگەك قوراللىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش بىلىمىنى ۋە مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش ماھارىتىنى تەلەپ قىلسىمۇ، لېكىن بۇلارنى ئىگەللىۋېلىش كۆپىنچە ئەمەلىي ئەمگەك پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، قول كۈچىگە تايىنىدىغان ئەمگەك قوراللىرىنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدە، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسىي ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئالاھىدە مەخسۇس تەلىم-تەربىيىدىن ئۆتۈشىنى تەلەپ قىلمايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش، ئىشلەپچىقىرىش ماھارىتىنى ئىگەللەش مەشغۇلاتلىرى ئەمگەك پائالىيىتى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي شەكلى قول كۈچى بىلەن ئىشلىتىلىدىغان ئەمگەك قوراللىرىنى ئاساس قىلغان شاگىرتلىق تۈزۈمى بولۇپ، ئۇ چاغدا مەخسۇس ئىشلەپچىقىرىش بىلىملىرىنى ئۆگىتىدىغان مائارىپ تېخى ئەمگەكتىن ئايرىلىپ چىقمىغان ئىدى. مائارىپ تۇنجى قېتىم ئەمگەكتىن (ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىن) ئايرىلىپ چىقىپ، بىر مۇستەقىل ئىجتىمائىي ھالەتكە ئايلانغاندا، ئاساسلىقى ئۈستقۇرۇلما فۇنكسىيىسىنى ئۆتەيتتى. ئۇ چاغدىكى مائارىپ «تېخنىك» خادىملارنى ئەمەس، بەلكى ئاساسلىقى «ئىدارە قىلغۇچى» خادىملارنى تەربىيىلەيتتى. زامانىۋى پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكچىلەردىن زامانىۋى پەن-تېخنىكا ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن بۇ ئىشلەپچىقىرىش بىلىملىرىنى ۋە ئەمگەك ماھارىتىنى ئىگەللىۋېلىشنى ئەمگەك جەريانىغا تايىنىپلا ئورۇنلىغىلى بولمايدىغان، بەلكى بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە مەخسۇس تەشكىلات ۋە مەخسۇس خادىملارنىڭ مەخسۇس تەربىيىلىشى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن مائارىپ ئىككىنچى قېتىم ئايرىلىپ چىقىپ مەخسۇس ساھەگە ئايلاندى. ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى تەلىم-تەربىيە ئىسلاھ قىلىندى، ھازىرقى زامان مائارىپى بىلەن زامانىۋى مەكتەپلەر بارلىققا كەلدى. بۇ چاغدا، مائارىپ ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىر پۈتۈن سىستېمىسىدىكى زۆرۈر ئالدىنقى شەرتلەردىن بولۇپ قالدى، مائارىپ بىلەن ئىقتىساد ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ ئىنچىكە، تېخىمۇ چوڭقۇر مۇناسىۋەت شەكىللەندى، مائارىپ نەتىجىلىرى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا كىرىپ رېئال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئايلانغاندا، مائارىپ خىزمىتىنىڭ بىر پۈتۈن جەريانى ماھىيەتتىن ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىنى (رېئال ئىشلەپچىقىرىش ئەمەس، يوشۇرۇن ھالەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىنى) ۋە ئىقتىسادىي ئەھمىيىتىنى تولۇق ناماي-

يەن قىلدى. بۇنىڭ بىلەن مائارىپ راسخوتى، مائارىپ ئىستېمالى قاتارلىقلار
مائارىپ ئىقتىسادشۇناسلىقىنىڭ كاتېگورىيىسىگە ئايلىنىپ، مائارىپ ئىقتىسادشۇناس-
لىقىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىنى شەكىللەندۈردى، ئاساسلىقى مائارىپ بىلەن ئىقتىساد
ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، مائارىپنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىجتىمائىي — ئىقتىسادىي
تەرەققىياتتىكى رولى، مائارىپقا سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى، مائارىپ
راسخوتىنىڭ مۇۋاپىق ئىشلىتىلىشى ۋە تەقسىم قىلىنىشى، مائارىپ تۈزۈمى، مائارىپ
قۇرۇلمىسى، مائارىپ پىلانى، جۈملىدىن مائارىپ ساھەسىدىكى ئىقتىسادىي مەسىلە-
لەر بىلەن چېتىشلىق مەسىلىلەر تەتقىق قىلىنىدىغان پەن - مائارىپ ئىقتىسادشۇناس-
لىقى بارلىققا كەلدى.

دېمەك مائارىپنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئىجتىمائىي ئىشلەپچى-
قىرىشنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ باغلانغان، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەق-
قىياتى ۋە يۈكسىلىشىمۇ مائارىپنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ باغلانغان، ئىشلەپچى-
قىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى يۈكسەلگەنسېرى، مائارىپ بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچى-
قىرىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ زىچ بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ما-
ئارىپ ئىقتىسادشۇناسلىقى ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەھسۇلى،
مائارىپ ئىقتىسادشۇناسلىقىنى تەتقىق قىلىشقا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش ئەينى ۋاقىتتا
ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەلىپى. سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش
ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان ئىجتىمائىي يىرىك ئىشلەپچىقىرىش. ئۇ پىلان-
لىق كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئىختىساسلىق ئەم-
گەك كۈچلىرىنىڭ يېتىشتۈرۈلۈشىمۇ پىلانلىق كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش
بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. پارتىيىمىز «4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى ئاچقۇچ پەن-
تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا»، «پەن - تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا مائارىپ ئا-
ساس» دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇنى سوتسىيالىستىك مائارىپ بىلەن سوتسىيالىس-
تىك تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەت، مائارىپنىڭ سوتس-
سىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا تۇتقان ئورنى ۋە ئوينايدىغان رولى بەلگىلى-
گەن. شۇڭا، ئېلىمىزدە مائارىپنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى ئىستراتېگىيىلىك نى-
شانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىلاردىن بىرى قىلىپ ئوت-
تۇرىغا قويۇلۇشى ئىنتايىن پۇختا ئوبيېكتىپ ئاساسقا ئىگە.

مائارىپ بىلەن ئىقتىساد ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە مەركىزىي مەسىلە ئىج-
تىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقى-
رىلىشى، ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش داۋامىدا ئەمگەك كۈچ-
لىرى سۈپىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى، مائارىپ بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى بىر-
بىرىگە باغلايدىغان ئاچقۇچلۇق ھالقا. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز مائارىپ ئىشلەپچىقى-

www.uyghurkitap.com

رىش خاراكتېرىگە ئىگە، لېكىن، رېئال ئىشلەپچىقىرىش ئەمەس، دەيمىز. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقىنى مائارىپ ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلىدىغان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتىكى رولىدىن ئىبارەت؛ بىز يەنە مائارىپ ئىستىمال خاراكتېرىگە ئىگە، لېكىن غەيرى ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى ئىستىمال دەيمىز. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقىنى ئەمگەك كۈچلىرىنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن چىقىم قىلىنىدىغان سەرپىياتتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ سەرپىيات بىلەن ئىشلەپچىرىش ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بار، لېكىن ئۇ ئىشلەپچىقىرىش سەرپىياتى بولماستىن، بەلكى ئىستىمال بولۇپ، ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ زۆرۈر شەرتى بولغان ئەمگەك كۈچلىرىنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر. بۇ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان غەيرى ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى ئىستىمالدىن ئىبارەت. مەسىلەن، بەزى يولداشلارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، بىر بالا تۇغۇلۇپ 16 ياشقا كىرگەنگە قەدەر كېتىدىغان تەربىيەلەش راسخوتى (مال باھاسى تەڭشىلىشتىن ئىلگىرى) شەھەرلەردە 6907 يۈەن، شەھەر-جىڭلاردا 4830 يۈەن، يېزىلاردا 1630 يۈەن بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ راسخودى: شەھەرلەرنىڭ 785 يۈەننى، شەھەر - جىڭلارنىڭ 700 يۈەننى، يېزىلارنىڭ 437 يۈەننى ئىگەللىگەن، ئەگەر ئۇ داشۆنى تۈگەتكىچە تەربىيىلىنىدىغان بولسا، ھەر بىر ئەمگەك كۈچى ئۈچۈن 6000 يۈەن (ھەر يىلىغا 1500 يۈەندىن 4 يىل ھېسابلانسا) قوشۇشقا توغرا كېلىدىكەن. لېكىن ھازىر مەملىكىتىمىزدە 20 ياشتىن تۆۋەن ئاھالە 500 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، بۇلار ئائىلە، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مائارىپ تەربىيىسىنى ئېلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەقلىي جەھەتتە مەبلەغ سېلىش بولۇپ، زامانىۋىلاشقان ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ زۆرۈر شەرتى بولغان ئەمگەك كۈچلىرىنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، زامانىۋىلاشقان ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا ئەقلىي ئەمگەك ئامىللىرى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئەمگەك كۈچلىرىنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى، ئاساسلىقى ئادەمنىڭ ئۆزىنىلا ئىشلەپچىقىرىش جەريانى، ئادەمنى جىسمانى جەھەتتىنلا راۋاجلاندۇرۇش ياكى جىسمانى جەھەتتىنلا ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانى دەپ قارىلىدىكەن. بۇنداق قاراش كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى ئەقلىي ئامىللارنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئەمگەك كۈچلىرىنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاساسىي ۋەزىپە دەپ قارىلىشى كېرەك. بۇ زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىگە، ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇن. چۈنكى، پەن - تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ غايەت زور دەرى-

جەدە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىلىم - پەن ھالىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىش (پەن - تېخنىكىدىكى يېڭى كەشپىيات، يېڭى مۇۋاپپەقىيەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا تەتبىق قىلىنىشى ئارقىسىدا رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى) ۋاقتى زور دەرىجىدە قىسقارماقتا. بەزى ئالىملارنىڭ ھېسابلاپ كۆرۈشىچە، دۇنيا بويىچە بىلىم مىقدارى 1750- يىلى 2 بولغان بولسا، 1900- يىلغىچە بولغان 150 يىل ۋاقىت ئىچىدە ئاران 8 گە، 1900- يىلدىن 1950- يىلغىچە بولغان 50 يىل ۋاقىت ئىچىدە 16 گە، 1950- يىلدىن ھازىرغىچە بولغان 30 يىل ۋاقىت ئىچىدە 32 گە يەتكەن؛ ئۇنىڭ رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىش ۋاقتىدىن قارىغاندا، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى ۋە بىرىنچى - ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدىكى 30 يىل، 16 يىلدىن ھازىرقى 3 — 5 يىلغا قىسقارغان. بۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسىي ئامىللىرى ھېسابلىنىدىغان ئەمگەك كۈچى، ئەمگەك ئوبيېكتى ۋە ئەمگەك ۋاستىلىرىدىن ئىبارەت تەرەپلەردە، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنىڭ قىياپىتىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەردە ئىپادىلىنىدۇ. سانائەتتە تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى ئالساق، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇنىڭ 5 — 20 پىرسەنتى دېگىدەك ئىلىم - پەننى تەتبىق قىلىشقا تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسا، ھازىر 50 — 70 پىرسەنتى دېگىدەك پۈتۈنلەي ئىلىم - پەنگە تايىنىپ قولغا تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈلىدىغان بولدى. بۇ ھەم ئىگىلىك باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنىڭ تەجرىبىگىلا تايىنىپ تەدبىر كۆرۈشتىن ئىلمىيلاشقان تەدبىر كۆرۈشكە راۋاجلانغانلىقىنى، پەن - تېخنىكا مۇۋاپپەقىيەتلىرىنىڭ رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىش ۋاقتىنىڭ زور دەرىجىدە قىسقىراپ بېرىۋاتقانلىقىنى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئەقلىي ئامىللارنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ بارغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

ئەگەر مائارىپ ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانى تەلەپ قىلغان ئىختىساسلىق ئەمگەك كۈچلىرىنى ئۈزلۈكسىز يەتكۈزۈپ تۇرمىغان بولسا، يۇقىرىدىكىدەك تەرەققىياتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئىجتىمائىيلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەمگەك كۈچلىرىگە يېڭى يۇقىرى تەلەپ قويۇلماقتا. يېڭى كەشپىياتلار، يېڭى ئىجادىيەتلەر، يېڭى تېخنىكىلار، يېڭى ھۈنەر - سەنئەت ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىرەر يېڭى مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىش نۇرغۇن ئىلىم - پەنگە، كۆپ تارماقلارغا، كەڭ ساھەلەرگە بېرىپ چېتىلىدۇ، بۇ كىشىلەردىن مۇرەككەپ - ئىنچىكە تېخنىكىنى بىلىشنى، بۇنىڭغا دائىر پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى مۇكەممەل ئىگەللىۋېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن «ئاپوللو 11- نومۇرلۇق ئالەم كېمىسى» نى ياساپ چىقىش ئۈچۈن 420 مىڭ كىشى، 120 داشۆ ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئورۇن-

لىرى، 20 مىڭ زاۋۇت قاتناشقان بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ 11 يىل بىرلىشىپ ھەمـ
كارلاشقانلىقىنىڭ مەھسۇلى، جۈملىدىن بۇ ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكا بىلىملىـ
رىنىڭ كەڭ دائىرىدە تەتبىق قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يېڭى دۇنياۋى تېخـ
نىكا ئىنقىلابى تۈپەيلىدىن يېڭى پەن-تېخنىكا غايەت زور بۆسۈش ئالدىدا تۇرۇۋ-
ۋاتقان ۋە شۇنىڭغا يۈزلىنىۋاتقان بىر پەيتتە، «20-ئەسىرنىڭ چولپىنى» دەپ
ئاتىلىۋاتقان مىكرو ئېلېكترون تېخنىكىسى بىلەن قوراللانغان يېڭى سانائەت بىـ
لىمىنىڭ ئىنتايىن مەركەزلەشكەن سانائىتى بولغاچقا، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى بار-
غانسېرى ئەقلىي قابىلىيەتكە تايانمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى. بىلىم ھالىتىـ
دىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى — ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، رىقابەتلىشىش ئىقتىدارى
ۋە ئىقتىسادىي مۇۋاپپەقىيەتنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ قالدى. بۇ بىزدىن ئەقىل بۇلىقىـ
نى زور كۈچ بىلەن ئېچىپ بۇ ۋەزىيەتكە تېرىشىپ ماسلىشىشنى تەلەپ قىلماقتا.
شۇنىڭ ئۈچۈن يولداش دېڭ شياۋپىڭ «ھازىرقى زامان ئىقتىساد ۋە تېخنىكىنىڭ
تېز تەرەققىي قىلىشى مائارىپ سۈپىتى ۋە تەلىم-تەربىيە ئۈنۈمىنىڭ تېز ئۆسۈشىـ
نى تەلەپ قىلماقتا»، «تېخىمۇ مۇھىمى پۈتكۈل مائارىپ ئىشلىرىنى خەلق ئىگىلىـ
كى تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش لازىم»، «مائارىپ ئىلىم-پەن، ئەدەـ
بىيات-سەنئەت ۋە سەھىيىگە ئاجرىتىلغان مەبلەغ ناھايىتى ئاز، نىسبەتكە توغرا
كەلمەيدۇ»، «بىز بۇ ساھەلەرنىڭ مەبلىغىنى كۆپەيتمىسەك زادىلا بولمايدۇ» دەپ
كۆرسەتتى. بۇ مائارىپنىڭ يۈكسىلىشى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە
زور ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇڭا، ئاساسلىقى مائارىپقا
سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ تەقسىماتىنى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى تەتقىق قىلىدىـ
غان پەن-مائارىپ ئىقتىسادشۇناسلىقىنى تەتقىق قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ نە قەدەر
زۆرۈرلىكىنى، بۇنىڭغا ئۆز نۆۋىتىدە ھازىرقى مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېخىمۇ
ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

III

مائارىپنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەھمىيىتىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپـ
لەردىن تەھلىل قىلىش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالنىڭ مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، ماـ
ئارىپ روشەن ھالدا ئىستېمال، لېكىن يوشۇرۇن ھالەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش بولۇپ
ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى ئەمگەك كۈچلىرىنى مەخسۇس ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن
ياكى ئەمگەك كۈچلىرىنى مەلۇم ئەمگەك تارماقلىرىغا خاس ماھارەتكە ۋە مەلىكىگە
ئىگە قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس تەربىيىلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ مەلۇم مىقداردىكى

ماددىي ۋاستىلار بىلەن مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىستېمال قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.
(بۇلار يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرار جاي، قاتناش ۋە كۈندىلىك لازى-
مىلىكلەردىن ئىبارەت ماددىي ئىستېمال بىلەن كىتاب ئوقۇش، گېزىت - ژۇرناللارنى
كۆرۈش، تېلېۋىزور، كىنو كۆرۈش... تىن ئىبارەت مەنىۋى ئىستېمالنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ) بۇ شەخسلەر ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا، شەخس ئىستېمال بولۇپ، ئۇ ئەمگەك
كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ساقلاپ قېلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا كەم بولسا بول-
مايدىغان شەرت. ئەمگەك كۈچىنىڭ جىسمانى ۋە ئەقلىي جەھەتتە ئەسلىگە كېلىشى
ۋە راۋاجلىنىشى ئەينى ۋاقىتتا ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ زۆرۈر شەرتى.
مۇشۇ جەھەتتىن مائارىپنى بىر خىل ئىشلەپچىقىرىش ئامىلى دېيىشكە بولىدۇ. ما-
ئارىپنى نوقۇل ئىستېمال دەپ قاراپ، بۇ خىل ئىستېمال ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىش-
لەپچىقىرىش ئامىلىنى كۆرمەسلىك توغرا ئەمەس. چۈنكى، مائارىپ ئىستېمالىنىڭ
ئاخىرلىشىشى ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ، ما-
ئارىپ ئىستېمالىنىڭ نەتىجىسى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسىنى
ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. مۇنداق روشەن، ئەمەلىي ئىستېمال نەتىجىلىرى، ئىشلەپچىقى-
رىش جەريانىغا كىرىپ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئايلانغاندا، مائارىپ
خىزمىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھمىيىتى نامايەن بولىدۇ. بۇنى ھەر يىلى دۆلەت تەر-
پىدىن مۇكاپاتلىنىۋاتقان پەن - تېخنىكا كەشپىياتلىرى ياراتقان ئىقتىسادىي ئۈنۈم-
دىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بەزى كەشپىياتلار نەچچە يۈز مىليون يۈەنلىك ئىقتىسا-
دىي ئۈنۈم ئېلىپ كەلگەن. بۇ مائارىپقا سېلىنغان مەبلەغنىڭ پەن - تېخنىكا مۇ-
ۋاپپەقىيەتلىرى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا كىرىپ رېئال ئىشلەپچىقىرىش
ئىقتىدارىغا ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دەل شۇ مەنىدە پەن - تېخنىكا «ئو-
مۇمى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئومۇمى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دېگىنىمىز، ئۇنىڭ بىلىم ھالىتىدى-
كى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئىكەنلىكىگە قارىتىپ ئېيتىلغان. بىلىم ھالىتىدىكى ئىش-
لەپچىقىرىش كۈچى ھەرگىز رېئال، بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئەمەس، پەقەت
پەن - تېخنىكا كەشپىياتلىرى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا تەتبىق قىلىنىشى ئارقىسىدا،
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ماددىي ئامىلى بىلەن ئادەم ئامىلىدا تەرەققىيات ۋە
ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن چاغدىلا، ئاندىن ئۇ بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىش
كۈچىگە ئايلىنىدۇ. پەن - تېخنىكا كەشپىياتلىرى، ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق ئىشلەپ-
چىقىرىش قوراللىرى، ماشىنا ئۈسكۈنىلەردىن ئىبارەت بويۇمغا ئايلىنىش يولى بى-
لەن ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا تەتبىق قىلىنىپ، غايەت زور ئىشلەپچىقىرىش كۈچ-
لىرىنى يارىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەمگەك ئوبيېكتىسىنىڭ دائىرىسىنى
كېڭەيتىدۇ، سۈپىتىنى ياخشىلاپ ۋە ئۆستۈرۈپ، ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى

www.uyghurkitap.com

زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتىرىدۇ. ئىككىنچى تەرەپتىن، ئۆگىنىش ۋە تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق تەبىئىي پەن ئەمگەكچىلەر تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ تەجرىبىسىگە ۋە ماھارىتىگە ئايلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەمگەكچىلەر ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدە، تېخىمۇ يۇقىرى ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى يارىتىدۇ. بۇنداق بىلىم ھالىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ياكى ئەمگەكچىلەرنىڭ «ئەقلىي كۈچى» گە ئايلانغان ئەمگەك كۈچلىرى، پەقەت بىر خىل يوشۇرۇن ھالەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى جەريانىدىلا رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنالايدۇ. بۇ ئارقىلىق مائارىپ بىلەن تەلىم - تەربىيىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھمىيىتى نامايەن بولىدۇ.

ئىككىنچى، مائارىپنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىدىن قارىغاندا، مائارىپ، چەكلىك ئىستىمال، لېكىن ئۇ يەنە «كېڭەيتىلگەن» تەكرار ئىشلەپچىقىرىشتۇر. بىر ئەمگەك كۈچىنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆزى مەلۇم مىقداردىكى تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ئىستىمال قىلىشى ۋە مەلۇم مىقداردىكى تۇرمۇش ۋاستىلىرى بىلەن پەرزەنتلىرىنى بېقىشى، تەربىيىلىشى زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى «يەنە ئىشچىنىڭ ئۆزىنى ئەمگەك كۈچىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە مەلۇم ماھارەتكە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، بەلگىلىك مىقداردىكى قىممەتنى سەرپ قىلىش زۆرۈر»① مائارىپ راسخوتىنىڭ قانچىلىك بولۇشى بىر تەرەپتىن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىيات سەۋىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان ئوبيېكتىپ تەلەپكە باغلىق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىجتىمائىي تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسىگىمۇ باغلىق بولىدۇ. لېكىن ئۇ ھامان بەلگىلىك مىقداردا بولىدۇ. كاپىتالىزىم جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، مائارىپ ۋە تەلىم - تەربىيە راسخوتى ئىنتايىن ئاز ئىدى. لېكىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر بۇ بەلگىلىك مىقداردىكى مائارىپ راسخوتىنىڭ ئىستىمال قىلىنىشى ئارقىسىدا، ئىشلەپچىقىرىشتا بارلىققا كەلگەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئىستىمال قىلىنغان راسخوتقا سېلىشتۇرغاندا «بىر كېڭەيگەن»، «كۆپەيگەن» سان ئىكەنلىكىنى بايقىۋېلىشتى، بۇنىڭ بىلەن «مائارىپقا مەبلەغ سېلىش»، «ئەقلىي جەھەتتە مەبلەغ سېلىش»، «ئەقلىي كۈچ بايلىقلىرىنى ئېچىش» تەك دولقۇن كۆتىرىلدى. بۇنى تەرەققى تاپقان ئەللەردە مائارىپ راسخوتىنىڭ ھەر بىر ئاھالىگە توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە سانىدىن، داشۆ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاھالە ئىچىدە تۇتقان نىسبىتىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، 1979 - يىلى ئەنگلىيىدە مائارىپ راسخوتى ھەر بىر ئاھالىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 366 يۈەندىن، ئىتالىيىدە 350

① «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار» ئىككى توملۇق توپلام، خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم، 105 - بەت.

يۈەندىن توغرا كەلگەن بولسا، داشۆ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەر بىر تۈمەن ئاھالە ئى-
چىدە تۇتقان نىسبىتى ئامېرىكىدا 523 كىشىگە، ياپونىيىدە 190 كىشىگە، سوۋېت
ئىتتىپاقىدا 185 كىشىگە يەتكەن. ئىگەللەشلەرگە قارىغاندا، شىمالىي ئامېرىكا،
ياۋروپا، ئوكيانىيە قاتارلىق رايونلار دۇنيا بويىچە ئالىي مائارىپ ئومۇملاشقان را-
يونلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ھەر بىر تۈمەن ئاھالە ئى-
چىدە 100 كىشىدىن ئېشىپ كېتىدىغان مەملىكەتلەر تەخمىنەن 80% نى ئىگەل-
لەيدۇ. چوڭ شەھەرلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، ياپونىيىنىڭ توكيو شەھە-
رىدە ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان داشۆ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەر بىر تۈمەن ئاھالە
ئىچىدىكى نىسبىتى مەملىكىتىمىزنىڭ شاڭخەي شەھىرىدىن 10 ھەسسە ئارتۇق بول-
غان. يۇقىرىدىكى ئەھۋاللاردىن تەرەققىي تاپقان مەملىكەتلەرنىڭ مائارىپ راسخوتى-
دىن كېلىدىغان ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى كۆزدە تۇتۇپ، «ئەقلىي جەھەتتە مەبلەغ سې-
لىش» قا قانچىلىك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دەرۋەقە، مۇن-
داق «كېڭەيگەن» مىقداردىكى ئىقتىسادىي ئۈنۈم، ئەمگەك كۈچىنىڭ ئەقلىي جەھەت-
تىكى سۈپىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى رولى، مەخسۇس ئەمگەك كۈچىنىڭ پەن-تېخ-
نىكىنى تەتبىق قىلىش رولى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ رولى ئارقا-ئارقىدىن تەكرارلى-
نىپ تۇرىدىغان تەكرار ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا ئەمگەك ئاشىدۇ.

ئۈچىنچى، جۇغلاش بىلەن ئىستېمال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن قارىغاندا،
ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىش مۇددىتىدىن قارىغاندا، مائارىپ بۈگۈنكى ئىستېمال
بولىدۇ، لېكىن يەنە ئەتىكى ئىشلەپچىقىرىش بولىدۇ. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ
4 ھالقىسىدىن قارىغاندا، ئىستېمال ھەم تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەركىبىي قىس-
مى، ھەم ئىشلەپچىقىرىش جەريانى بىلەن قارىمۇ-قارشى ئۇقۇم، چۈنكى كېڭەيتىل-
گەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، مەلۇم مىقداردىكى مىللىي دا-
رامەتنى كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا سېلىشقا، يەنى تۇراقلىق مۈلۈكنى ۋە
ئىشقا قوبۇل قىلىنىدىغانلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. مىللىي دارامەت-
نىڭ بىر قىسمى خەلقنىڭ ماددىي-مەدەنىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلى-
تىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىگە مەلۇم مىقداردىكى مائارىپ راسخوتىمۇ كىرىدۇ. يېقىنقى ئىق-
تىسادىي ئۈنۈمدىن قارىغاندا، كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان
راسخوت ناھايىتى تېز ئۈنۈم بېرىدۇ. ئۇنى قايتۇرۇپ ئېلىش مۇددىتى قىسقىراق بولى-
دۇ. ئىستېمال ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغىنى (جۈملىدىن مەدەنىي-مائارىپ راسخوتى) كۆپ
بولۇپ كەتسە، كۆز ئالدىمىزدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تەسىر يېتىدۇ. ئۇنىڭ
ئۈستىگە مائارىپنىڭ ئۈنۈم بېرىش مۇددىتى ئۇزاقراق بولۇپ، قىسقا مۇددەت ئىچى-
دىلا ئۈنۈم بېرىشى قىيىن، بۇ يەردە كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش راسخو-
تى بىلەن مائارىپ راسخوتى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلىدۇ، بۈگۈنكى مائارىپ

www.uyghurkitap.com

راسخوتى بىلەن بۈگۈنكى ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدا، بۈگۈنكى مائارىپ بىلەن ئەتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدا، بۈگۈنكى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئەتىكى مائارىپ ئوتتۇرىسىدا تولۇق زىددىيەت ۋە ئەھۋاللار تۇغۇلىدۇ. لېكىن مائارىپنىڭ ئۈنۈمىنى مائارىپ راسخوتىنى قايتۇرۇۋېلىش مۇددىتىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى بىلەن ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. مائارىپ راسخوتى ئەمەلىيەتتە بۈگۈنكى ساپ ئىستىمال، لېكىن ئۇ ھەقىقەتەن ئەتىكى ئىشلەپچىقىرىش، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭغا يىراقنى كۆزلەيدىغان ئىستىراتېگىيىلىك نۇقتىئىنەزەر بىلەن قاراپ، ھازىرقى مائارىپ ئىستىمالىنى كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويماسلىق، بەلكى بۈگۈنكى مائارىپنى ئەتىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەييارلىقى دەپ ھېسابلاش كېرەك. بۇ ھەم بىر يېتەكچى ئىدىيە مەسىلىسى بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى تەجرىبە ساۋاقلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس. بۇنى تۆۋەندىكى بىر سانلىق سېلىشتۇرمىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىرىنچى بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدىن 1979-يىلغىچە، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سالغان مەبلىغى ئۈچ ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشقان بولسا، مائارىپقا سېلىنغان مەبلەغ 20% لا ئاشقان؛ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 30 يىللىق ئەھۋالدىن قارىغاندا، 30 يىللىق مائارىپ راسخوتى سانائەت-يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 1% تىن كۆپرەكىنى، مىللىي دارامەتنىڭ 1.9% تىن كۆپرەكىنى، دۆلەت مالىيە چىقىمىنىڭ 5.7% نى تەشكىل قىلغان. بۇ ھال مائارىپ راسخوتى بىلەن خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىغا سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت پەرقىنىڭ بارغانسېرى كېڭىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دېمەك، مائارىپ راسخوتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى تولىمۇ ئاستا بولدى. نەتىجىدە تەربىيە ئېلىشقا تېگىشلىك كىشىلەر كۆپىيىۋەردى. بۇ خەلق ئىگىلىكىدىكى نىسبەتلەرنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغانلىقىنىڭ، ئاساسلىقى، خەلق ئىگىلىكى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يېتەرلىك مائارىپ راسخوتى بىلەن تەمىنلەپ كېتەلمىگەنلىكى ئارقىسىدا، مائارىپ ئىشلىرى بىلەن ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىر-بىرىگە ماسلىشالمىغانلىقىنىڭ ئىنكاسى.

مۇشۇ بىر نەچچە يىللىق تەكشەش ئارقىسىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مائارىپنى، پەن-تېخنىكىنى ئىستىراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئالاھىدە تەكىتلىگەنلىكىتىن، مائارىپ ئىلىم-پەن ئىشلىرىمىزنىڭ كۆرەش نىشانىسى ئايدىڭلىشىپ، توغرا يولغا چۈشتى. ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ بارغانسېرى ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، مائارىپ، ئىلىم-پەن ئىشلىرىدا يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مائارىپ، پەن-تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى ئىككى «قارار»،

نىڭ توغرا ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، بۇ ساھەدە چوقۇم تېخىمۇ گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىدۇ.

مائارىپ راسخوتىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە، يەنى ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشتا تۇتىدىغان نىسبىتى زادى قانداق بولسا ئىلمىي بولىدىغانلىقىنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى ئۈستىدە ئىزدىنىش مائارىپ ئىلمىدە بىر مۇھىم تېما، ئەگەر بۇ تېما توغرا ھەل قىلىنسا، مائارىپقا مەبلەغ سېلىشنى قارىغۇلۇقتىن، ئىرادىچىلىكتىن ساقلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، مائارىپ بىلەن ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى جەريان سۈپەت جەھەتتە بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ ھەم بىرى-بىرىگە باغلانغان بولىدۇ، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، مائارىپ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش جەريانى خاراكتېر جەھەتتە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى جەريان. ئالدىنقىسى ئادەم تەربىيەلەش جەريانى، كىشىلەرنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي كۈچىنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتىش جەريانى؛ كېيىنكىسى ماددىي بايلىق يارىتىش، كىشىلەر ئۆزىنىڭ رولى ئارقىلىق تەبىئىي ماددىلارنى ئۆزگەرتىش ھەمدە ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈش جەريانى؛ يەنى ئالدىنقىسى ماددىنىڭ ئەقلىي قابىلىيەتكە ئايلىنىش جەريانى، كېيىنكىسى ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ماددىغا ئايلىنىشى ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈش جەريانى. بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشتىن قارىغاندا، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە، ئەمگەك كۈچىنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى ئۆلچىمىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى جەريانىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك بۇ ئىككى جەريانىنى بىر-بىرىگە باغلايدۇ-دە، بۇ ئىككى جەريان ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالدىن ئىبارەت ئىككى ھالقا بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا بۇنى ئىقتىسادىي نۇقتىدىن تەكشۈرگەندە، مائارىپ ئادەم كۈچى بىلەن ماددىي كۈچنىڭ ئىستېمالى بولۇپ، ئۇ ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ ماددىي ۋاستىلارنى ئىستېمال قىلىش بەدىلىگە كەلگەن ۋاقىتنى ۋە روھىي قۇۋۋىتىنى ئىستېمال قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە كۆپلىگەن ماددىي بايلىقنى ئىستېمال قىلىشىدۇ. بۇ يەردە گەرچە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇش-ئوقۇتۇش ۋە ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىش ئەمگىكى قىممەت ياراتمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەمگىكى تۆپەيلىدىن سەرپىياتىنى قاپلايدىغان فوند ياراتمىسىمۇ، جەمئىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ قوشۇمچە مەھسۇلات يارىتىپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن بۇ جەريانىڭ پۈتۈن نەتىجىسى ئادەمنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي كۈچىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئېھتىماللىقتىكى ئەمگەك كۈچىنى رېئال ئەمگەك كۈچىگە ئايلاندۇرۇش، ئاددىتىكى ئەمگەك كۈچىنى مۇرەككەپ-ئالاھىدە ئەمگەك كۈچىگە ئايلاندۇرۇش جەريانى بولۇپ، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ «ماددىي» ئىستېمالنى «ئەقلىي» قابىلىيەتكە ئايلاندۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ

جەرياننى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى جەريانى، ماددى بايلىق جەريانى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئەمما، دەل ئەشۇنداق زۆرۈر سەرپىيات تۈپەيلىدىن، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرتلەرنى ھازىرلاپ بېرىدۇ؛ بەلگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىگە، تەلىپىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۆلچەملىك ئەمگەك كۈچلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىدۇ؛ مۇنداق ئالاھىدە تەلىم-تەربىيىدىن ۋە مەشقتىن ئۆتكەن ئەمگەك كۈچلىرى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا كىرىپ ئەمگەك ۋاستىلىرى بىلەن بىرلەشكەندە، ئەمگەك ئوبيېكتىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ كۈچ قۇدرىتىنى نامايەن قىلىدۇ. ئەقلىي قابىلىيەتتىن ئىبارەت يوشۇرۇن كۈچ رېئال كۈچكە، ماددىغا ئايلىنىپ قىممەتنى ۋە ئىستېمال قىممىتىنى يارىتىدۇ. بۇ قىممەت ئىلگىرىكى ئۆگىنىشتە سەرپىلەنگەن بارلىق قىممەتنى قاپلاپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ بىر كۆپەيگەن قىممەت بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا مائارىپ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ تەييارلىقى، ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ماددىغا ئايلىنىش تەييارلىقى.

جاۋزىياڭ زۇڭلى 6- بەشيىللىق پىلان توغرىسىدىكى دوكلاتىدا «پۈتۈن جەمئىيەتتە مائارىپ ئىشلىرىغا ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەككى، مائارىپنىڭ دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تۈپ ئاساسى ئىكەنلىكىنى ھەممە كىشى بىلىدىغان بولسۇن» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. مائارىپنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى مۇھىم رولىنى ھەممە كىشىگە جۈملىدىن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن، كەڭ ئىلىم-پەن خادىملىرى، مائارىپچىلار، ئىقتىسادشۇناسلار مەركىزنىڭ «مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» نى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ، روھىي ماھىيىتىنى پۇختا ئىگەللەپ، مائارىپ ئىشلىرىنى جۈملىدىن مائارىپ ئىقتىسادشۇناسلىقىنى تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش يولىدا تېگىشلىك ھەسسىمىزنى قوشۇشىمىز لازىم.

# ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىش ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش- جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى

ئىسلامجان شېرىپ

ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى جەمئىيەت تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرىدىغان ئەڭ ئىنقىلابىي كۈچ: ئىلىم - پەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىدۇ ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىدا غايەت زور رول ئوينايدۇ؛ ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇلارنى تەدبىقلاپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ئىلىم - پەن بىلەن قوراللانغان ئىختىساسلىق كىشىلەر ئارقىلىق بولىدۇ. بۇ 3 تەرەپ جەمئىيەت تەرەققىياتىدا بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىش، بىر - بىرىنى تولۇقلاش، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ. 4 تە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا بۇ ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر تونۇش، ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز ئۇلغايتىش ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

**( 1 )**

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدىغان ئوبيېكتىپ تارىخىي جەريان، كىشىلەر ئۆز تارىخىنى ئۆزى يارىتىدۇ، ئەمما خالىغانچە يارىتالمايدۇ، كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارى ۋە ئۇنىڭ ئېرىشكەن نەتىجىسى ئۇلار تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي تارىخىي شەرت - شارائىت، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسى ۋە مۇئەييەن ئىجتىمائىي فورماتسىيە تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ زىددىيەت ھەرىكىتى داۋامىدا راۋاجلىنىدۇ. ئىنسانلار تارىخىدا رەت بويىچە يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي فورماتسىيەلەرنىڭ يەڭگۈشلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىنقىلابلارنىڭ ھەممىسى يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سىنىپلارنىڭ كونا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ

www.uygurkitap.com

كىشىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يول ئېچىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ماركس بىلەن ئېنگېلس سوتسىيالىزم مۇقەررەر ھالدا كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا، ئىجتىمائىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى نەزەرىيە ھەم ئەمەلىيەتنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، سوتسىيالىزمنى خىيالدىن پەنگە ئايلاندۇردى. ماركس ئېنگېلسنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى ھېچقانداق سۇبيېكتىپ ئويدۇرما بولماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي ماددىي تۇرمۇش تەرەققىياتىنىڭ رېئال ئېھتىياجىنى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەل قىلغۇچ كۈچى بولغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىنى ئاساس قىلىپ، سوتسىيالىزمنى ئىجتىمائىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى دەپ ھېسابلاپ، سوتسىيالىزمنىڭ رېئاللىشىش ئاساسىنى ئىجتىمائىلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت ماددىي ئاساس ئۈستىگە قويدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى پۈتكۈل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى بولغان ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەڭ ئىنقىلابىي كۈچ بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل تەرەققىياتنىڭ ئەڭ نېگىزلىك مەنبەسى.

دىئالېكتىكا نۇقتىسىنەزىرى بويىچە قارىغاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۆزىنى تەشكىل قىلغان ئاساسىي ئامىللارنىڭ ئىلغار ۋە ئىلغار بولمىغان تەرەپلىرىنىڭ كۈرىشى نەتىجىسىدە توختىماي تەرەققىي قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ ئۆزىدىكى زىددىيەت ئالدى بىلەن ئادەم ئامىلى بىلەن ماددىي ئامىل (ئەمگەك ئوبيېكتى ۋە ئەمگەك ۋاستىلىرى) ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئەمگەكچىلەر ئەمگەك جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى توپلايدۇ ۋە پەن-تېخنىكىنى چوڭقۇرلاپ ئىگەللەيدۇ. شۇ ئاساستا يېڭى ئەمگەك ماھارەتلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يېڭى يوللىرىنى ئاچىدۇ ۋە يېڭىچە ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنى قۇرىدۇ. بۇ چاغدا ئەسلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىھەلىرى بىلەن بۇ خىل يېڭى ئەھۋاللار ئوتتۇرىسىدا ماسلىشالماسلىق زىددىيىتى ھاسىل بولۇپ، بۇ زىددىيەت ئەمگەك ۋاستىلىرىنى ياخشىلاش ۋە يېڭىلاشنى ياكى پۈتۈنلەي يېڭى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرىدۇ: ئەمگەك ۋاستىلىرىنىڭ يېڭىلىنىشى، يېڭى ئەمگەك ئوبيېكتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا پايدىلىنىشى يۇقىرىغا ئوخشاشلا ئەمگەكچىلەردە يېڭى تېخنىك ۋە يېڭى ئىختىرا قىلىنغان ئەمگەك ۋاستىلىرىنى ئىگەللەشتە ماسلىشالماسلىقنى پەيدا قىلىدۇ. مانا بۇ زىددىيەت ئەمگەكچىلەرنىڭ يېڭى تېخنىكىنى ئىگەللەش، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە توپلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. نەتىجىدە،

يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھاسىل بولىدۇ. ئادەم بىلەن ماددا ئامىللىرىنىڭ مانا مۇشۇ تەرىقىدە بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشىنىڭ توختىماي ئايلىنىشى ۋە بۇنداق ئايلىنىشتا ئىلىم-پەن، تېخنىكا ئامىللىرىنىڭ يېڭىدىن قوشۇلۇپ تۇرۇشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكىلىك كۈچ بولىدۇ.

ھەممە جەمئىيەتلەر ئەشۇ ئىنقىلابىي كۈچ ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان ئىكەن، تەبىئىكى سوتسىيالىزىممۇ ئەشۇ ئوبيېكتىپ ئىنقىلابىي كۈچنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى يوقىتىپ، ئۇ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىن كېلىپ چىققان بارلىق ئىدىيىلەرنى ئۆزگەرتىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى كوممۇنىزىم جەمئىيىتىگە كىرگۈزۈپ، پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنى ئۆز جەمئىيىتىنىڭ خوجايىنىغا، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرىدۇ. بۇ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى مىسلىسىز ئۇلۇغ ئىنقىلاب. ھالبۇكى بۇ ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ۋە كاپىتالىزىمنىڭكىدىنمۇ يۇقىرى بولغان ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى يارىتىش كېرەك.

(2)

جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئارقىلىق بولىدىكەن، ئۇنداق بولسا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ۋە شۇ ئاساستا جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرەلەيدىغان ئامىل نېمە؟

ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىلىم-پەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ قالماستىن بەلكى ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىدۇ، ھەممە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا قارىتا تۈپلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىلىم-پەن مۇنداق ئۈچ خىل ئىقتىدارغا ئىگە:

بىرىنچى، بىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئىلىم-پەن دېگىنىمىز ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنىيەتلىرىنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى سىستېمىلىق ئىنكاسى، كىشىلەرنىڭ بىلىشىدۇر. ئىلمىي پوزىتسىيە، ئىلمىي روھ دېگىنىمىز ئەمەلىيەت ئاساسىدا قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆز بىلىشىدىكى سۇبيېكتىپ، ئىدىيالىستىك نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، دۇنيانى تېخىمۇ ياخشى بىلىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىلىم-پەن، بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى بىر خىل مىتود ۋە ۋاستىنىڭ تەشۋىق قىلىنىشى بولۇپ، ئۇ، كىشىلەرنى ئاڭلىق تۈردە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشتىن ئىبارەت ئىلمىي مىتود بىلەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان، تېخىمۇ كۆپ مەسىلىلەرگە توغرا قارايدىغان قىلىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقان-

دا، ئىلىم-پەن جەمئىيەتتىكى بىلىم زاپىسىنىڭ توپلىنىشى بولۇپ، بىرەر مەسىلىنى هەل قىلىش ئېھتىياجى تۇغۇلغان هامان، شۇ زاپاستىن پايدىلىنىپ هەل قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ. ئىلىم-پەن يەنە ئىلمىي ئىدىيىنىڭ ئاساسى. ئىلمىي ئىدىيە-قانۇنىيەتلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش، ئەمەلىيەتنى قوغلىشىش ئىدىيىسىدۇر. ئىنسانىيەت تارىخى بىزگە، ئىلمىي ئىدىيىلەر جانلانغان تارىخىي دەۋرلەردە ئىلىم-پەن، تېخنىكا ۋە شۇ ئاساستا ئىقتىسادمۇ گۈللەنگەنلىكىنى، ئەكسىچە، ئىلمىي ئىدىيىلەرنى قايرىپ قويۇپ، قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلمىغان، ئەمەلىيەتنى قوغلاشمىغان دەۋرلەردە ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىقلار ئەۋج ئېلىپ، توختاپ قېلىپ ئالغا باسماسلىق هەتتا چېكىنىش كېلىپ چىققانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. شۇڭا ئىلمىي ئىدىيە، ئىلمىي روھ-جەمئىيەت تەرەققىيات قەدىمىنىڭ سۈرئىتىنى بەلگىلەيدىغان يېتەكچى ئىدىيىدۇر. ياپونىيىلىكلەرنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى ئىلمىي ئىدىيىلەرنى ئۆز ۋەتىنى ۋە جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىگە سىڭدۈرۈپ قوللىنىش ئارقىلىق خىزمەت هەم ئىشلەپچىقىرىشلىرىنى پۇختا ئىلمىي ئاساسقا ئورنىتىپ، يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە سۈرئەت يارىتالىشى ئىلمىي ئىدىيىلەرنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتىنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىلىم-پەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلانغان هامان مەھسۇلاتقا ئايلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىنى بېيىتىدۇ. ئىلىم-پەننىڭ بىلىش رولى- بىلىم زاپىسى بولۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەتتۇر. ئىشلەپچىقىرىش بولسا بىلىمنىڭ قوللىنىلىشى بولۇپ ماددىي مەسىلىلەرنى هەل قىلىدۇ. بۇ ماددىي مەدەنىيەتتۇر. بىلىمنىڭ بىۋاستە قوللىنىلىشى-ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىنىڭ هەر قايسى تەرەپلىرىدىكى مەسىلىلەرنى هەل قىلىپ، بىزنىڭ ئىقتىسادىي ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرسە، تۇرمۇشتىكى بەزى مەسىلىلەرنىڭ هەل قىلىنىشى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىمىزنى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرىدۇ. بۇنداق مەسىلىلەرنىڭ هەل قىلىنىشى ئىلىم-پەننىڭ بىلىش ئىقتىدارىغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى چۈشىنىپ يېتىشى تەسرەك بولىدۇ. ئىلىم-پەن تېخنىكىغا ۋە تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئۆزگەرگەن هامان، ئىلىم-پەننىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئىنتايىن رېئال، كونكرېت، ئەمەلىي هادىسە بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىسلاھات ئىقتىدارىغا يەنى جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئىلمىي روھ كونا، قالاق، چىرىك هادىساتلارغا نارازىلىق كۆرسىتىشلا ئەمەس بەلكى بۇنداق هادىسىلەرنى تۈزىتىش، رېئاللىقنى ياخشىلاش، كەلگۈسىنى كۆزلەپ تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش روھى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بىر خىل كونسىرۋاتىپلىقتىن خالىي ئىسلاھاتچىلىق پوزىتسىيىسىدۇر. ئىلىم-پەن هەر قاچان كونىلىقنى

ساقلاشنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرىدۇ، ئىلمىي روھ ئىلگىرىلەش، تەرەققىپەرۋەرلىك، ئىسلاھاتچىلىق روھىدۇر. ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ سەھىپىلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئىلىم - پەن ۋە ئىلىم - پەن ئىنقىلابى تەكىتلەنگەن مەزگىللەر - كىشىلەرنىڭ ئىسلاھات ئىدىيىسى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگەللىگەن دەۋرلەردۇر. ئىلىم - پەندىكى يېڭى كەشپىياتلار بىزنىڭ ئەسلىدىكى بىلىشىمىزنى يېڭى بىلىش سەۋىيىسىگە كۆتىرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، يېڭى بىلىش سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، يېڭى بىلىش خىزمەتلەردە يېڭى قىياپەت پەيدا قىلىدۇ. ھەر بىر تارىخىي دەۋرلەردىكى بۆرۈلۈشلار ئاساسەن مۇشۇ تەرىقىدە بولۇپ كەلدى.

ئىلىم - پەننىڭ ئۈچ خىل ئىقتىدارىدىن مەلۇمكى، ئىلىم - پەننىڭ تەسىرى ۋە رولى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىش بىلەن چەكلەنمەستىن، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى قوراللاندۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەركىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. بىز كىشىلەرنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىمىز دېگەندە ئاساسلىقى كىشىلەردە ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە ئىلمىي روھنى ئۆستۈرۈشنى نەزەردە تۇتىمىز. بىزنىڭ ئىلمىي روھىمىز ۋاستە ۋە ئىقتىدارغا تەڭ بولۇپ، ئىلمىي روھ بىلەن كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى قوراللاندۇرغاندا، يېڭى بىلىملەرنى سىڭدۈرۈش، قېزىش ۋە ئىجات قىلىش مۇمكىن، كىشىلەرنىڭ بىلىم ئىجات قىلىش ۋە بىلىمدىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش مۇمكىن، بىلىم ئىجات قىلىش ۋە بىلىمدىن پايدىلىنىش ئىقتىدارى بىر دۆلەت ۋە بىر مىللەتنىڭ نېگىزلىك ئىقتىدارى بولۇپ، بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەت ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئاساسلىق ئامىل.

ئىلىم - پەننىڭ جەمئىيەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان ئەنە شۇنداق ھەل قىلغۇچ تەسىرىگە ئاساسەن، ماركس بىلەن ئېنگېلس ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى پرولېتارىيات مەيدانىدا تۇرۇپ ئىلىم - پەن ۋە تېخنىكىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىغا يۇكسەك باھا بەرگەن ۋە ئىلىم - پەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، تارىختا ھەركەتلەندۈرگۈچ رول ئوينايدىغان ئىنقىلابىي كۈچ، دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن. ماركس ئىلىم-پەن بىلىملىرىنىڭ ئۇلۇق رولىنى تەھلىل قىلىپ: «تەبىئەت دۇنياسى ھېچقانداق ماشىنىنى ياساپ چىققىنى يوق»، «ئۇلار ئىنسانلارنىڭ قولى ئىجات قىلغان، ئىنسانلار مېڭىسىنىڭ ئەزاسى؛ ماددىلاشقان بىلىم كۈچلىرى.» ① ماشىنىلارنىڭ تەرەققىياتى «ئومۇمىي ئىجتىمائىي بىلىملەرنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىپ، ئىجتىمائىي ھايات جەريانى شارائىتلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئومۇمىي ئەقلى قۇۋۋەتنىڭ تىزگىنلىنىشىگە ئۇچراۋاتقانلىقى ھەمدە بۇنداق

① ماركس: «ئىقتىسادشۇناسلىق قولىيازمىسى» ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى 46 - توم 2 - كىتاپ خەنزۇچە نەشرى، 219 - بەت.

ئەقلىي كۈچلەر بويىچە، ئۆزگەرتىلىشۋاتقانلىقى» نى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.② دېكارت ۋە پۈتكۈل ئىجتىمائىي ھايات جەريانىنى بۇنداق ئىلىم-پەن ئەقلى قۇۋۋىتىنىڭ ئىلگى-رە قىلىشىغا ئۇچرايدۇ دەپ ھېسابلىغان. ھەمدە ئۇنى ئەمگەكنىڭ ھەقىقىي ئازاد-لىقىغا ئېرىشىشىنىڭ شەرتى دەپ قارىغان. چۈنكى، پەقەت ئىلىم-پەن ۋاسىتە ئىش-لەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلانغان شارائىتتىلا، ئاندىن ماددىي بايلىقلار زور دەرى-جىدە كۆپىيىدۇ، ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتى قىسقىراپ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشىدۇ، پەقەت شۇ چاغدىلا، ئىنسانلار ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تولۇق ئەر-كىن راۋاجلىنالايدۇ. جىسمانىي ئەمگەك بىلەن ئەقلىي ئەمگەك تېخىمۇ يۇقىرى سەۋى-يىدە بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى كىشىلەر يېتىشىپ چىقىدۇ.

يېقىنقى زامان ئىلىم-پەنىدە بارلىققا كەلگەن زور كەشپىياتلار ئىشلەپچىقى-رىش كۈچلىرىنىڭ يېڭىچە يۈكسەك پەللىگە سەكرىشىدە باشلامچى بولدى. نيۇتون دىنامىكا سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ھور ماشىنىسىنى بەلگە قىلغان ماشىنىسازلىق سانائىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى سانائەت ئىنقىلابىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، قۇۋۋەتنىڭ ساقلىنىش ۋە ئايلىنىش قانۇنى بىلەن فارادىي ۋە ماكۋېللارنىڭ ئېلېك-تىر ماگنىت نەزەرىيىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ئىنسانىيەتنى ئېلېكتىر دەۋرىگە ئېلىپ كىردى. ھازىرقى زامان ئىلىم-پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى، مەسىلەن، ئاتوم فىزىكىسى، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى، تىزگىنلەش نەزەرىيىلىرى، ئېنېرگىيىدىن پايدى-لىنىش، ئاپتوماتىك باشقۇرۇشلار سانائەتتە غايەت زور ئىسلاھات قوزغىدى. 1770-يىلى دۇنيا بويىچە پەن تېخنىكا بارلىققا كەلتۈرگەن ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى-نىڭ نىسبىتى $\frac{1}{4}$ بولغان بولسا، 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، پەن-تېخنىكىدا زور ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي ئاملى ئىچى-دىكى سالمىقى مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا 20% گە، 60-يىللارغا كەلگەندە 60%-80 گىچە يەتتى.

ھازىر ئامېرىكىدا ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ھەر يىلى ئورۇنلايدىغان. خىزمەت نورمىسى 4 تىرلىيون ئادەمنىڭ قول ئەمگىكىگە توغرا كەلگەچكە ئۇلارنىڭ سانا-ئەت قۇرۇلمىسى، ئىشقا ئورۇنلۇشۇش قۇرۇلمىسى، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە مەدەنىي-مائارىپ قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. ئەقلىي ئەمگەكچىلەرنىڭ سانى جىسمانىي ئەمگەكچىلەرنىڭ سانىدىن ئېشىپ كەتتى. دېمەك، بۈگۈنكى كۈندە، «ئىلىم-پەن-تېخنىكا-ئىشلەپچىقىرىش» نىڭ دەۋرى قىلىنىشى كۈندىن-كۈنگە قىسقىراپ، پەن-تېخنىكا بارغانسېرى بىۋاسىتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بولۇپ شەكىللەنمەكتە.

ئىقتىساد قۇرۇلمىسىنىڭ پەن-تېخنىكىغا، بىلىمنىڭ مەركەزلىشىشىگە قاراپ ئۆزگىرىشى ئارقىسىدا، ھازىرقى جەمئىيەتمۇ پەيدىن-پەي بىلىمنى يىغىش خاراكتې-

② يۇقىرىقى كىتاب 220-بەت.

رىدىكى جەمئىيەتكە — ئۇچۇر جەمئىيىتىگە قاراپ يۈزلەندى. بۇنىدىن كېيىنكى ئىقتىسا-
دىي قۇرۇلۇش پەن-تېخنىكىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ئاچقۇچ-قاتتىق
تېخنىكىدىن يۇمشاق تېخنىكىغا، ماشىنىسازلىق تېخنىكىسىدىن ئەقلىي ئىقتىدار تېخ-
نىكىسىغا، يەنى ئاساسلىقى ئىختىساسلىقلارنىڭ ئىجاتكارلىق رولىغا باغلىق بو-
لۇپ قالدى.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇم بولدىكى، بىلىم ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك ۋە ئەقىل پارا-
سىتى تەرەققىياتىنىڭ جەۋھىرى، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى
ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى قورالى. كىشىلەر
مۇشۇ قورالنى ئىگەللىگەندىلا، ئاندىن ئوخشاش مىقداردىكى ئەمگەك كۈچى بىلەن،
ئوخشاش ئەمگەك ۋاقتى ئىچىدە بۇرۇنقىدىن نەچچە ئون، نەچچە يۈز، ھەتتا نەچ-
چە مىڭ ھەسسە، ئارتۇق مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ، كىشىلەرنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ
بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى بارغانسېرى تولۇقى بىلەن قاندۇرا-
لايدۇ. سوتسىيالىزىم دەۋرىدە، بولۇپمۇ مەملىكىتىمىزگە ئوخشاش ئىقتىساد ۋە مەدە-
نىيەتتە ئارقىدىراق قالغان مەملىكەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا، ئىلىم-پەن
بىلىملىرى كەم بولسا بولمايدىغان غايەت زور ۋە يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىدۇر.
بۇ نۇقتىنى ئېلىمىزنىڭ 35 يىللىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەجرىبىلىرىمۇ تولۇق
ئىسپاتلاپ بەردى. شۇڭا بىز ئىلىم-پەننىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى رولىنى تولۇق مۆل-
چەرلىشىمىز كېرەك.

**(3)**

ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇنى تەدبىقلاپ ئىشلەپچىقىرىش
كۈچلىرىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش ئۆزلىگىدىن ستىخىلىك ئاسا-
تا ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بەلكى ئىختىساسلىق كىشىلەر ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.
ئىلىم-پەن جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى بايلىقى بولۇپ، بىلىم ھالىتىدىكى نەرسىدۇر.
ئۇ نەزەرىيە ھالىتىدە تۇرغاندا، تەبىئەتنى بويسۇندۇرىدىغان ۋە ئۆزگەرتىدىغان
ماددىي كۈچ بولۇپ ئىپادىلەنمەيدۇ. بەلكى بىلىم ھالىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش
كۈچلىرى ياكى ماركس ئېيتقاندەك «ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى»①
بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق نەزەرىيە بىلىملىرى ئىشلەپچىقىرىشقا تەدبىقلانغاندا
بولسا، بىۋاسىتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىدۇ. بۇنداق تەدبىقلاش ۋە يېڭى
ئېھتىياجلار ئاساسىدا يېڭى بىلىملەرنى ئىشلەپچىقىرىش پۈتۈنلەي ئىلىم-پەن بى-
لەن قوراللانغان ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق بولىدۇ. ھېچقانداق يېڭى ماشىنا (ئالىي-
لۇق ھېسابلاش ماشىنىسى) ئادەم ئورنىنى باسالمايدۇ، ئۇ پەقەت ئىجاد قىلىن-

① ماركس ئېنگېلس ئەسەرلىرى 26-توم 1-كىتاب، خەنزۇچە نەشرى 422-بەت

www.uyghurkitap.com

دىكى، ئىجاد قىلالمايدۇ. شۇڭا، ماركسىزم كىلاسسىكلىرى ئاممىنىڭ ھەقىقىي قەھرىمان، دۇنيا تارىخىنى يارىتىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىختىساسلىقلارنىڭ رولىغىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ۋە كۆپ تەكىتلىدى. لېنىن: «ئوخشىمىغان ساھەلەردە بىلىمى بار تېخنىكلار ۋە ئىقتىسادتىن بىلىمى بار ھەر خىل مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يېتەكچىلىكى بولمىسا، سوتسىيالىزىمغا ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس»① دەپ كۆرسەتتى. ستالىن لېنىننىڭ بۇ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ: ئىختىساسلىقلار، كادىرلار دۇنيادىكى بارلىق قىممەتلىك بايلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بايلىق. سوتسىيالىستىك سانائەتلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا، ئىختىساسلىقلار قۇرۇلۇشى «پارتىيىنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى»② دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ھازىر، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە پارتىيە-دۆلەت رەھبەرلىرىمىزمۇ ئىختىساسلىقلار مەسىلىسىنى دۆلىتىمىزنىڭ گۈللىنىشى ياكى مەھكۇم بولۇشى بىلەن باغلاپ قاراپ، ئىختىساسلىقلارنى بوغۇش ۋە ئىسراپ قىلىشنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تارىخنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن دانالىقتۇر. ھەر خىل ئىقتىساسلىقلار ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى يۇكسەلدۈرۈش ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئۆز ئالدىغا رول ئوينايدۇ. مەشھۇر ئالىملار ۋە ئىختىراچىلار پەن نەزەرىيىلىرىنى يەكۈنلەش ۋە يېڭىلىق ئىجات قىلىش ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ تەبىئەتنى تېخىمۇ ياخشى ئۆزگەرتىش، ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە جەمئىيەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇ پائالىيەتلەرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ مەشھۇر مۇتەپەككۇرلار ئىدىيىۋى نەزەرىيە تەشۋىقاتى ئارقىلىق خەلقنى ئىلھاملاندۇرىدۇ ۋە تەربىيىلەيدۇ؛ مەشھۇر ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق خەلقنى ئىنتىپاقلاشتۇرىدۇ، تەربىيىلەيدۇ، دۈشمەنگە زەربە بېرىدۇ؛ مەشھۇر ھەربىي ئالىملار ئىنقىلابىي ئۇرۇشلارنى غەلىبىگە باشلاش ئارقىلىق جەمئىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ؛ مەشھۇر سىياسىئونلار خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئىجتىمائىي پورماتسىيىلەرنىڭ ئالمىشىشى ۋە تارىخنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى تېزلىتىدۇ؛ مىڭلىغان قەھرىمانلار، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئىلغار خىزمەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ نەمۇنىلىك ھەرىكىتى بىلەن ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتا ئۈلگە كۆرسە-

---

① «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» 3-توم، خەنزۇچە نەشرى 501-بەت.

② «ستالىن تاللانما ئەسەرلىرى» 1-توم خەنزۇچە نەشرى 118-، 317-بەتلەر.

تىدۇ ۋە باشقىلار. شۇڭا، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىختىسا- سلىقلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا سەل قاراش زادى توغرا ئەمەس. ئەمما، ئىختىساسلىقلارنىڭ رولىمۇ ھەر قاچان جەمئىيەت تارىخى تەرەققىيات قەدىمىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى تەرىپىدىن تىزگىنلىنىدۇ. ئۇلار مۇئەييەن ئىجتىمائىي تارىخىي شارائىتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تارىخىي ۋەزىپىلەر دائىرىسىدىلا ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىيالايدۇكى، ھەرگىزمۇ جەمئىيەت تارى- خىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. تارىختا خوجايىن بولال- مايدۇ. چۈنكى بۇنداق ئومۇمىي يۈزلىنىش، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا: «ئىشلەپچى- قىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە بۇ تەرەققىياتقا باغلىق ھالدا ئايلىنىدىغان ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز-ئارا مۇنا- سىۋىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.»① ئىختىساسلىقلار تارىخ تەرەققىياتىدا ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىياش ئۈچۈن، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىگە ماسلىشىشى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەرەققىيات قانۇنىغا ھۆرمەت قىلىشى، ئوبيېكتىپ شەرت-شارائىتلارنى توغرا تونۇشى ۋە ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلىدە بولۇشى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش كۆرۈشى، نۆۋەتتە ئېلىمىزنى 4 نى زامانىۋى- لاشتۇرۇشقا قاراپ يۈزلىنىشى شەرت. ھەر قانداق ئۇلۇغ ئادەم، ھەر قانداق تالانت ئىگىسى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئوبيېكتىپ شەرت- شارائىتلارنى نەزەرگە ئالماي، ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش قىلسا تارىخنىڭ جازا- سىغا ئۇچرىماي قالمايدۇ. شۇڭا، ھەم ئىختىساسلىقلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئورنىنى تولۇق مۆلچەرلەش، ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا تولۇق ئەھمىيەت بېرىش؛ ھەم ئۇلارنى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە بولىدىغان تەرەققىيات يۈزلىنىش- تىن ئاشۇرۇپ، ئوبيېكتىپ شەرت-شارائىتلارغا قارىمايلا ئالەمنى-مالەم قىلىۋېتىدىغان ئادەملەر ھېسابلىماسلىق كېرەك. شۇنى بىلىش كېرەككى، ماركسىزم نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئىلىم-پەن سانائەتنىڭ ئەڭ يېڭى تەرەققىيات يۈزلىنىشى بىلەن قارىغاندا، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەكنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى پەيدىن-پەي كىچىك- لەپ ئاخىر يوقىلىدۇ، لېكىن بۇ ئۇزاق مەنزىلدىكى ئىش بولۇپ، ھازىر ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرى بىلەن ئەقلىي ئەمگەك نىسبىي ھال- دا زىيالىيلاردىن ئىبارەت بىر قىسىم كىشىلەرگە مەركەزلىشىدىغان ئەھۋال خېلى ئۇزاق تارىخىي دەۋر ئىچىدە يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بىز مۇشۇنداق بىر تارىخىي دەۋردە ئىختىساسلىقلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرىمىز.

زامانىمىز بۇرۇنقى ھەر قانداق چاغدىكىگە قارىغاندا ئىلغار بولغان ئىلىم-

① پلېخانوف: «شەخسلەرنىڭ تارىختىكى رولى توغرىسىدا» خەنزۇچە نەشرى 40-بەت.

پەن دەۋرىگە كىردى، زامانىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىمۇ تارىختىكى ئوخشاش ئىشلەپچىقىرىشنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان يىرىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەردى. ئۇچۇرنى بەلگە قىلغان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىدىكى جەمئىيەتنىڭ ئۆز-ئارا بىر پۈتۈن سىستېما بولۇپ، كەسپلىشىش، ئىجتىمائىيلىشىش، ھەمكارلىشىشنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە، ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ خىزمىتى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ، پۈتكۈل چوڭ سىستېما تەشكىلىي خىزمىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ نىسبىي مۇستەقىللىقى بارغانسېرى ئاجىزلىدى. ئىپتىدائىي جەمئىيەت تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا، كىشىلەر پەقەت تۇرمۇش بىلىملىرىگە مۇھتاج بولغان ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە كىشىلەر شەخسىي تۇرمۇش ئۈچۈنلا بىلىم ئىگىلەشتىن، چوڭ كوللېكتىپ، ھەتتا بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن بىلىم ئالىدىغان بولدى. ھازىر يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يالغۇز ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى جەمئىيەت ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن بىلىم ئالماقتا. بۇرۇن كىشىلەر ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىك، توقۇمىچىلىق قاتارلىق تۇرمۇش تېخنىكىلىرىغا يەنى يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك تېخنىكىسىغا كۆڭۈل بۆلگەن، كېيىنچە ئىقتىسادىي بىلىملەرگە، ئامىي سانائەت بىلىملىرىگە مۇھتاج بولدى. ئېلېكترون سانائىتى، نېفىت-خىمىيە سانائىتى، ماشىنىسازلىق سانائىتى، ھاۋا قاتناش سانائىتى قاتارلىق ساھەلەر نۇرغۇنلىغان ئىلىم-پەن بىلىملىرىگە مۇھتاج بولدى. ئىلىم-پەن بىلىملىرى ۋە تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىپ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇردى. ئەندىلىكتە بولسا، كىشىلەردە جەمئىيەت قۇرۇلۇش بىلىملىرىگە مۇھتاجلىق تۇغۇلدى. پۈتكۈل جەمئىيەتكە بىر چوڭ سىستېما تەرىقىسىدە قاراپ، بىرەر دائىرە ياكى بىرەر ئورۇننىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش بىلەن چەكلەنمەستىن، پۈتكۈل جەمئىيەتتىن ئىبارەت چوڭ سىستېمىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە ۋە ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىدە جەمئىيەتنىڭ باشقا تارماقلىرىدىكى خىزمەتلەرنىڭ ئۈنۈمى بىلەن بەسلىشىشكە توغرا كەلدى. بۇنداق جەمئىيەت، ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا بارغانسېرى كەڭ دائىرىدە شەكىللەنمەكتە. ۋە يېڭى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولماقتا. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئىلىم-پەن بىلىملىرى بىلەن قوراللانغان ۋە ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان، تەدبىقلايدىغان ئىختىساسلىقلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى شەرت قىلماقتا.

زامانىۋىلاشقان جەمئىيەت ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە: بىر تەرەپتىن، ھېسابلاش ماشىنىسى ۋە زامانىۋى خەۋەرلىشىش تېخنىكىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا تۈزۈلگەن تېخنىك سىستېمىسى جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىلىم-پەن تەتقىقاتىدىلا ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنىڭ

تۈرلۈك ئىشلارنى باشقۇرۇشتا، ھەتتا ئائىلە تۇرمۇشىدىمۇ ئىنتايىن چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىنىمۇ كەڭ جەمئىيەتكە باغلىۋەتتى، ھېسابلاش ماشىنىسىنى مەركەز قىلغان چوڭ خەۋەرلىشىش سىستېمىسى، قاتناش ترانسپورت تورى، ئېلېكتىر تورى، ئاخبارات تورى قاتارلىقلار بولمىغاندا تۈرلۈك ئىشلارنى باشقۇرۇشتىمۇ قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ. بۇ ھال مەملىكىتىمىزدە تېخى ئومۇملاشمىغان بولسىمۇ تەرەققىي تاپقان ئەللەردە ئومۇملاشقىلى تۇردى. بۇ يەردىكى ئەڭ تىپىك ئالاھىدىلىك - كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىشكە ئىشلىتىدىغان سوممىسىنىڭ پۈتكۈل تۇرمۇش راسخوتىدىكى سالمىقى بارغانسېرى ئۆرلەپ بارماقتا. يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى ئىچىدە، بىلىم، ئۇچۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ تارقىتىلىشى، قوللىنىلىشى، بىر تەرەپ قىلىنىشى، پىششىقلىنىشى، يەتكۈزۈلۈشى، مۇلازىمىتى قاتارلىق تەرەپلەرگە ئىشلىتىدىغان كەسىپلەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە، ئۇچۇرچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان كەسىپلەرنىڭ ئومۇمىي كەسىپلەر ئىچىدىكى نىسبىتى بارغانسېرى زورايماقتا. مەسىلەن، ساياھەت كەسپى چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ساياھەت ئاخباراتچىلىق كەسپى، ساياھەت مۇلازىمەت شىركەتلىرى مەيدانغا كېلىپ، ساياھەتچىلىككە بىلىم يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا خىلمۇ - خىل خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ھازىر بىر ساياھەتچى ئۈچۈن ئەڭ جىددىي ئېھتىياجلىق بولغىنى ساياھەت سايمانلىرى ئەمەس بەلكى بىلىم بولغاچقا، جەمئىيەتنىڭ مۇشۇ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، بىر تۈركۈم ساياھەتكە ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بېرىش مەركەزلىرى قۇرۇلدى. مۇشۇ خاراكتېردىكى كەسىپلەر بارغانسېرى كېڭەيمەكتە. بۇ كەسىپلەرنىڭ ھەممىسى مەخسۇس بىر جەھەتتىكى بىلىمگە بولغان مۇھتاجلىقنى قامدىماقتا. بۇنداق بىلىم شىركەتلىرىدە ئىختىساسلىقلار، ھېسابلاش ماشىنىسى، زامانىۋى ئالاقە تورلىرى بولۇپ، جاي - جايلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا مەركەزلەشتۈرۈپ، بۇ ئەھۋاللارنى بىلىمگە مۇھتاج بولغانلارغا ساتماقتا.

چەتئەللەردە داۋالاش ئۇچۇرىنىڭ مەركەزلىرى قۇرۇلدى. بۇنداق مەركەزلەر سىناقتىن ئۆتكەن داۋالاش ھەققىدىكى بىلىملەرنى يىغىپ ھېسابلاش ماشىنىسىغا ئۆتكۈزۈپ، ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق داۋالاش تورىنى شەكىللەندۈردى. بۇ تورغا تۇتاشتۇرۇلغان ھەر بىر ئائىلىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى مەسىلەن، قان بېسىمى، يۈرىكىنىڭ سوقۇشى، تەن تېمپېراتۇرىسى ۋە ئۆزى ھېس قىلغان كېسەللىك ئالامەتلىرى قاتارلىق ئۇچۇرنى يەتكۈزگەن ھامان ھېسابلاش ماشىنىسى قانداق كېسەل ئىكەنلىكىگە دىئاگنوز قويىدۇ. بۇنداق دىئاگنوز ئالىي دوختۇرلارنىڭ ئاددىي كۆز بىلەن كۆزىتىپ قويغان كۆرمىگىلىغان دىئاگنوز جەۋھەرلىرىدىن ئېلىنغان بىلىم ئاساسىدا قويۇلغاچقا، نورمال دوختۇرنىڭ دىئاگنوزىدىن نۇرغۇن دەرىجىدە توغرا

بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېسابلاش ماشىنىسى توغرا كېسەل ئارخىۋى تۇرغۇزۇپ ئۇنىڭغا كېسەلنى داۋالاش لايىھىسى قوشۇپ، لازىمەتلىك دورىلىرى بىلەن ئائىلىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

مائارىپتا، ئوقۇغۇچىلارمۇ مەكتەپكە بارماي، ئۆلچەملىك دەرسنى يەتكۈزۈپ بەرگۈچى ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز ئائىلىسىدە تۇرۇپ خۇددى مەكتەپكە يىغىلىپ ئولتۇرۇپ مۇئەللىمىدىن دەرس ئاڭلىغاندەك ئۆگىنىشكە ئېرىشمەكتە.

كىشىلەر دۇنيا ۋە ئۆز ئەللىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن، ھەر كۈنىگى گېزىت ئوقۇشتىن ئازات بولۇپ، ئاخبارات ئۇچۇر تورلىرىنىڭ ياردىمىدە ھەممىنى ئېكراندىن كۆرۈشكە قاراپ كېتىۋاتماقتا. دېمەك، ھېسابلاش ماشىنىسى ۋە زامانىۋى خەۋەرچىلىك تېخنىكىسى كىشىلەرنىڭ بىلىمگە بولغان مۇھتاجلىقلىرىنى بىر قەدەر تېز ھەم ئاسان ھەل قىلىدىغان بولدى. ھەمدە بىلىم مۇھتاجلىقىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، بىلىم مۇلازىمەت ئىشلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ بارماقتا. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بۇنىڭدىن كېيىن رايون بىلەن رايون، دۆلەت بىلەن دۆلەت، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان سەۋىيە، ئىقتىدار جەھەتتىكى ئېلىشىشلار بىلىم جەھەتتىكى ئېلىشىش بولىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، بۇ جەھەتتىكى ئىسلاھات تۈپ جەھەتتىكى ئىسلاھات بولىدۇ.

ئەمما، شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىنكى، زامانىۋىلاشقان جەمئىيەت ھېسابلاش ماشىنىسى ۋە ئۇچۇرچىلىق تورى بىلەن بىر سىستېما ھالىتىدە مۇكەممەللىشىدۇ. بىر دۆلەت بىر چوڭ سىستېما بولىدۇ. ھەر قانداق كىشى پۈتكۈل دۆلەت، رايون ۋە ئۆز ئورنىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئايرىلغان ھالدا يەككە ئادەم بولالمايدۇ. جەمئىيەت ئالدى بىلەن قاتتىق پىلانچانلىققا مۇھتاج بولىدۇ. كاپىتالىزىمدىكى ھالقىلىق مەسىلە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك بىلەن توۋارنىڭ ئىجتىمائىيلىقلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولغاچقا، قاتتىق پىلانچانلىق كاپىتالىزىم تۈزۈمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭا، ئىقتىسادىي كىرىزىس بولماي قالمايدۇ. ئۇچۇرنى ئالاھىدىلىك قىلغان چوڭ سىستېما جەمئىيىتى ياكى سىستېمىلاشقان دۆلەت. دۆلەت ئومۇمى گەۋدىسىنىڭ ئەڭ ئالى ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇشتا مۇقەررەر ھالدا پىلانلىق ئىگىلىكنى ئاساس قىلغان دۆلەت بولىدۇ. ھالبۇكى، پىلانلىق ئىگىلىكنى ئۈنۈملۈك يولغا قويالايدىغان جەمئىيەت دەل سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتۇر، پەقەت سوتسىيالىزىم جەمئىيىتىلا زامانىۋى ئىلىم-پەن ۋە تېخنىكىنىڭ ئۆز قانۇنىيەتلىرىنىڭ تەلىپىگە ئەڭ زور دەرىجىدە ئۇيغۇنلىشالايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە زامانىمىزدىكى ئۇچۇرنى بەلگە قىلغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرى بويىچە شۇنداق ھۆكۈم قىلىش مۇمكىنكى، ھۆكۈمەتسىزلىك ئاساسىدىكى ئىشلەپچىقىرىشقا زەربە بېرىدىغان ئەڭ قەھرىمان ئىشلەپچىقىرىش كۈچ-

ىرى كۈندىن-كۈنگە ئۆسۈپ باردۇ. ئۇۋچىلىق ئۇسۇلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىپتىدائىي جەمئىيەتنى، دېھقانچىلىق تېخنىكىسى ئاساسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش فېئودالىزم جەمئىيىتىنى، يىرىك ماشىنا ئاساسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كاپىتالىزم جەمئىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن بولسا، ھازىرقى ئۈچۈر تېخنىكىسىنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش مۇقەررەر ھالدا سوتسىيالىزمنى مۇستەھكەملەيدۇ. مانا مۇشۇنداق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى زامانىۋى باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا مۇھتاج. سىستېما قۇرۇلۇشى ئىدىيىسى ھازىرقى زامان ھېسابلاش ماشىنىسىنى ۋاستە قىلغان ھالدا رايونلار، ئورۇنلار ھەتتا دۆلەتنى باشقۇرۇشقا شەرت قويىدى. مانا بۇ زاماننىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە زاماننىڭ مۇقەررەر تەلىپى.

شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، زامانىۋىلىشىش ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆتۈش بولۇپ، ئۇ يېڭىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ يېڭىچە ئالاھىدىلىكلەر پۈتۈنلەي يېڭىچە باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىرىنچىدىن، ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈنۈم پرىنسىپى ئوخشىمايدۇ. ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈنۈم پرىنسىپى «ئادەم كۆپ بولسا ئىش ئاسان بولىدۇ»، «ئادەم كۆپ بولسا قىزغىنلىق ئۈستۈن بولىدۇ» دېگەنلەردىن ئىبارەت. ئەمما، يىرىك ئىشلەپچىقىرىش بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنى ھەمكارلاشتۇرۇشنى، يەككە ئۈنۈمنىلا ئەمەس. مۇھىمى يەككە كىشىلەردىن تەركىب تاپقان سىستېمىنىڭ ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەركەت ھالىتى ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. يىرىك ئىشلەپچىقىرىش ھازىرقى زامان ئىلىم-پەن ۋە تېخنىكىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ناھايىتى تېز. بۇ يەردە كىم ئالغا باسمايدىكەن ئارقىدا قالىدۇ. ئارقىدا قالىدىكەن جاجىسىنى يەيدۇ. بۇ ھال ئاساسلىقى ئىلىم-پەننىڭ تېز ئۆسۈپ بېرىشى ئارقىسىدا بىلىمنىڭ كونىراپ كېتىشىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىشى بىلىمنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاشنى شۇ ئارقىلىق يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆزگىرىشچان ھالىتىگە ماسلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىۋېرسىتېتلارنى پۈتتۈرگەنلەرمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆگەنمىسە مەلۇم يىللاردىن كېيىن زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىشقا كارغا كەلمەس بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان ئالاھىدىلىك باشقۇرۇشقا بىر يۈرۈش مەسىلىلەرنى يەنى تېخى تۈنۈگۈن كېرەك قىلغان ئورگانلارنى بۈگۈن بىكار قىلىشنى، تۈنۈگۈن ئىشلىيەلىگەن بولسىمۇ، بىلىمنى يېڭىلىمىغان كونا ئىختىساسلىقلارنى ئىنكار قىلىپ، بىلىمنى يېڭىلىغان يېڭى ئىختىساسلىقلارنى ئىشلىتىشنى شەرت قىلىدۇ. ھازىرقى

زامان يېرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بۇنداق ھەركەتچانلىق ھالىتىنى چۈشەنمىگەندە ۋە شۇ بويىچە قوشۇننى تەشكىلەپ ماڭمىغاندا چېكىنىش بولىدۇ. ھەتتا ئىشلەپچىقىرىش ھالاكەتكە ئۇچرايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، زامانىۋى يىرىك ئىشلەپچىقىرىش تۆرىچىلىك ئىستىلى بىلەن چىقىشالمايدۇ. تۆرىچىلىك زامانىۋى يىرىك ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنىڭ ئۈنۈمىنى تۆۋەنلەشتۈرۈپلا قالماي، ئاقىۋەتتە پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئورگانىزمىنى چىرىتىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، زامانىمىزدا جەمئىيەت ۋە زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سىستېما قۇرۇلۇشىدا، قارا كۈچ بىلەن قىلىنىدىغان ئىشلار بارغانسېرى ئازىيىپ، ئەقىل پاراسەت، ھۈنەر-سەنئەتكە تايىنىپ قىلىدىغان ئىشلار ئۈزلۈكسىز ئۇلغىيىپ، ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئولپاڭچىلىغىدىن ئازات بولۇپ، جەمئىيەت باشقۇرۇشتىن تارتىپ تاكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەر قانداق تۈرلىرىنى رېئاللاشتۇرغىچە ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق ئەقلىي قۇۋۋەت قۇرۇلمىسى ھاسىل قىلىش شەرت قىلىندى. جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تۈپلىك ئالغا سۈرگۈچى ئىلىم-پەن ۋە تېخنىكا ئۇنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگۈچى، زىيالىيلار ئىلىم-پەن ۋە تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىجاد قىلغۇچى ۋە تەدبىقلىغۇچى بولۇپ، بىر-بىرىگە چەمبەر-چەس باغلانغان. يېڭى زامان ۋە زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئەنە شۇ 3 تەرەپنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىدە راۋاجلىنىدىغان ۋە پارچىلىنىشىدا چېكىنىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىز پارتىيە 12-قۇرۇلتىيى ئوتتۇرىغا قويغان ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىش ئۈچۈن پارتىيىۋىلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىش ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

# مۇۋاپىق باھا سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم

ئىسمايىل نىياز

مۇۋاپىق باھا سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارار» ىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «باھا — ئەڭ ئۈنۈملۈك تەڭشەش ۋاستىسى، ئەقىلگە مۇۋاپىق باھا خەلق ئىگىلىكىنى قالايمىقانچىلىقتىن خالىي يول بىلەن جانلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتى، باھا سىستېمىسى ئىسلاھاتى پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاچقۇچ». بۇ ئېلىمىزنىڭ 30 نەچچە يىللىق سوتسىيالىستىك ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتلەردىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا چىقىرىلغان ئىلمىي يەكۈن بولۇپ. پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم نەزەرىيىۋى ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

— 1 —

باھا سىستېمىسى، باھانى تەشكىل قىلىدىغان ۋە تۈرلۈك باھالار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بازاردىكى تاۋارلارنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپىيىپ بارىدۇ، باھامۇ بىر نەچچە مىڭ خىلغا يېتىشى مۇمكىن. بۇ خىل تاۋارلارنىڭ باھاسى گەرچە مەلۇم مىقداردىكى پۇل بولۇپ ئىپادىلەنسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى يەككە — يىگانە بولماستىن، ئۆز ئارا مۇناسىۋەتتە بولۇپ، بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىش بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلىككە كەلگەن باھا سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. سوتسىيالىستىك باھا سىستېمىسى سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئۆزىگە خاس

شەكىل ۋە مەزمۇنغا ئىگە. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئاساسىدىكى پىلانلىق توۋار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغانلىقتىن ئۈچۈن خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى بويىچە ئايرىلغان باھا سىستېمىسى سانائەت مەھسۇلاتلىرى باھاسى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى باھاسى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى باھاسى، قاتناش - توشۇش باھاسى، مۇلازىمەت ھەققى قاتارلىق تارماقلاردىن شەكىللەنگەن باھانى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بۇ باھالار ئوتتۇرىسىدا ۋە ھەر قايسى تارماقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر خىل باھا ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەتلىك مۇناسىۋەتلەر توۋارلارنىڭ سېلىشتۇرما باھا سىستېمىسىنى شەكىللەندۇرىدۇ. توۋار مۇئامىلىسى جەريانى بويىچە شەكىللەنگەن باھا سىستېمىسى سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھاسى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باھاسى، سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى يۆتكەش باھاسى، تەمىنلەش باھاسى، توپ سېتىش باھاسى ۋە پارچە سېتىش باھاسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ باھالار ئوتتۇرىسىدىكى باھانىڭ پەرقلىق مۇناسىۋىتى، توۋارلارنىڭ باھا پەرق سىستېمىسىنى شەكىللەندۇرىدۇ. باھا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بويىچە ئايرىلغان باھادىن شەكىللەنگەن باھا سىستېمىسى دۆلەت بىر تۇتاش بەلگىلىگەن باھا (ناھىيە ۋە ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق باھا تارماقلىرى، كەسپىي باشقۇرۇش تارماقلىرى باھا باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە بەلگىلىگەن باھا) لەيلىمە باھا، كېلىشىم باھا، ئەركىن بازار باھاسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدا توۋارلارنىڭ سېلىشتۇرما باھا پەرقى باھا سىستېمىسىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى بولۇپ، ئۇ توۋار قىممىتىنىڭ ئۆزىدە بولغان نىسپىلىكنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. توۋارلارنىڭ باھا پەرقى دېگىنىمىز ئوخشاش بولمىغان توۋارلارنى ئالماشتۇرۇش جەريانىدا شەكىللەنگەن باھا ئوتتۇرىسىدىكى نىسبىتى مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. ماركس: «ئالماشتۇرۇش قىممىتى ئالدى بىلەن بىر خىل توۋارنى ئىككىنچى بىر خىل توۋار بىلەن ئۆز - ئارا ئالماشتۇرغاندىكى سان مۇناسىۋىتىدە ياكى نىسبەتىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ نىسبەت ۋاقىت ۋە ئورۇننىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئەگىشىپ ئۆزلۈكسىز تۈردە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.» ① دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېلىشتۇرما باھا پەرقىنى ئۆزلۈكسىز ھالدا تەڭشەپ تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك مۇۋاپىق سېلىشتۇرما باھا پەرقى باھا سىستېمىسىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى ئىكەن، ئۇنىڭ شەكىللىنىشى توۋار قىممىتىنىڭ تەقەززاسىغا ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تەمىنلەش بىلەن

① «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 23- توم. خەنزۇچە نەشرى 49- بەت

تەلەپ مۇناسۋەتنڭمۇ تەگشىشگە ئۇچرايدۇ. بۇ قممەت قانۇننڭ ئوبيېكتپ تەلپى. چۈنكى، قممەت - باھانڭ ئاساسى، باھا قممەتنڭ پۇل ئارقلق ئپادىلنىشى. لېنن «باھا قممەت قانۇننڭ ئپادىلنىشى، قممەت - باھانڭ قانۇنىيتى، يەنە باھا ماددىسنڭ ئىخچام ئپادىلنىشى» ① دەيدۇ. شۇڭا باھا بەلگىلەشتە قممەتنى يەنە ئجتماعى زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتى بىلەن بەلگىلەنگەن قممەتنى ئاساس قلش كېرەك. مۇشۇنداق قلغاندلا، ئاندن ئالماشتۇرۇش ئشنى يولغا قويغان ئكى تەرەپنڭ ئقتسادى مەنپەئەتنى كاپالەتلەندۈرگلى بولىدۇ.

باھا قممەتنى ئاساس قلىدۇ، قممەت بولسا، ئەمگەك ئۈنۈمدارلغنڭ ئۆزگرشگە ئەگشپ ئۆزگرپ تۇرىدۇ. ماركس مۇنداق دەپ كۆرسەتىدۇ: «تاۋارنڭ قممەت مقدارى شۇ تاۋاردا گەۋدىلەنگەن ئەمگەكنڭ مقدارىغا ئوڭ تاناسپ بولىدۇ. شۇ ئەمگەكنڭ ئۈنۈمدارلق كۈچىگە تەتۈر تاناسپ بولىدۇ»② ئەمگەك ئۈنۈمدارلغنڭ ئۈزلۈكسز ئۆسۈپ بېرىشغا ئەگشپ برلىك مەھسۇلاتنڭ قممەت مقدارى ئۈزلۈكسز تۆۋەنلەپ بارىدۇ. شۇنڭ ئۈچۈن باھا بەلگىلەش ۋاقتىدا، قممەتنڭ ئۆزگرشنى ھېسابقا ئېلىپ باھانى مۇۋاپىق يۇسۇندا تەڭشەپ تۇرۇش كېرەك. تەمنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرسىدىكى مۇناسۋەتمۇ باھاغا تەسر كۆرسەتىدىغان مۇھم ئامل. تەمنلەش بىلەن تەلەپ تەڭپۇڭ بولغان ۋاقتتا، باھا ئومۇمەن قممەتكە مۇۋاپىق كېلىدۇ. تەمنلەش بىلەن تەلەپ تەڭپۇڭ بولمغان ۋاقتتا، باھا قممەتتىن چەتلەش كېلىپ چىقىدۇ. تۈرلۈك تاۋارلارنڭ تەمنلەش بىلەن تەلەپ مۇناسۋەتىدە دائىم تەڭپۇڭسزلق پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان بولغاچقا، باھانڭ قممەتكە لايىق بولۇشى ھامان نسبى ۋاقتلق بولىدۇ، باھانڭ قممەتتىن چەتلەپ كېتشى بولسا مۇتلەق بولۇپ، دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بازاردا، باھانڭ يۇقرى - تۆۋەن بولۇشى ئاساسەن تەمنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرسىدىكى مۇناسۋەتنڭ ئۆزگرشگە باغلق بولىدۇ. تەمنلەش بىلەن تەلەپنڭ باھانى بەلگىلشى كشلەرنڭ ئرادىسگە باغلق بولمايدۇ. تاۋار بىلەن تەمنلەش تەلەپتىن ئېشپ كەتسە، تاۋار باھاسى بەربر چۈشىدۇ، تاۋارغا بولغان تەلەپ تەمنلەشتىن ئېشپ كەتسە. تاۋار باھاسى بەربر ئۆرلەيدۇ. ئككنچى تۈرلۈك قلىپ ئېيتقاندا، باھا ئارقلق تەمنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرسىدىكى مۇناسۋەتنى تەڭشەشمۇ كشلەرنڭ

---

① لېنن: «سوتسيالزمنڭ يەنە بىر قېتم يوقتلشى». «لېنن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 20- توم، 194- بەت.

② ماركس: «كاپىتال» 1. توم. «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى». 23- توم. خەنزۇچە نەشرى 53- 54- بەتلەر.

ئىرادىسىگە باغلىق بولمايدۇ. باھانىڭ ئۆرلەپ ــ چۈشۈپ تۇرۇشى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كېڭىيىشى ۋە تارىيىشى ئۈچۈن خەۋەر بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ. ياكى ئۇنى چەكلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بازاردىكى تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئۆزگىرىش بولىدۇ. قىممەت بىلەن باھانىڭ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئېھتىياجنىڭ ئەنە شۇنداق بىر بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆزگىرىپ تۇرۇشى قىممەت قانۇنىنىڭ ھەرىكەت ھالىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باھانىڭ بەلگىلىنىشى مۇقەررەر ھالدا قىممەتنىڭ تەقەززاسىغا ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، شۇڭا قىممەتنىمۇ، تەمىنلەش بىلەن تەلەپ مۇناسىۋىتىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدىغان باھا سىستېمىسى بىز ئادەتتە ئېيتىۋاتقان مۇۋاپىق باھا سىستېمىسى بولۇپ، ئۇ باھا سىستېمىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى. باھا سىستېمىسى قانداق بولغاندا، ئاندىن مۇۋاپىق بولغان بولىدۇ؟ پرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، باھا، بىرىنچىدىن قىممەتنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، ئىككىنچىدىن، تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. «ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارار» دا «تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش تەلىپىگە ۋە تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ، نامۇۋاپىق باھا نىسبىتىنى تەڭشەش، چۈشۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى چۈشۈرۈش ئۆستۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.» دەپ كۆرسىتىلدى بۇ بىر ئابزاس سۆزدە ئۇزاقتىن بۇيان باھا مەسىلىسىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلار بۇزۇپ تاشلىنىپ قىممەت قانۇنىنىڭ تەلىپى ئەتراپلىق، توغرا شەرھىلىنىشى بىلەن بۇ قېتىمقى باھا تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. شۇڭا باھادىن ئىبارەت پىشاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت ۋە ئىستېمال جەھەتتىكى تەڭشەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەمىنلەش بىلەن تەلەپنىڭ قانۇنىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇھاكىمە قىلىشىمىز لازىم.

## — 2 —

ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باھا تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش كارخانىلارنىڭ، بولۇپمۇ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى چوڭ ۋە ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ھاياتى كۈچىنى ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى. «قارار»دا: «كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنىڭ كېڭەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، باھانىڭ كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىنى تەڭشەش رولى بارغانسېرى روشەن گەۋدىلەنمەكتە، ئەقىلگە مۇۋاپىق باھا سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش زۆرۈرىيىتى تېخىمۇ

كۆچەيمەكتە. ھەر خىل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ جۈملىدىن پىلان تۈزۈل-
مىسى ۋە ئىش ھەققى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشى، كۆپرەك باھا
سىستېمىسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىغا باغلىق.» دەپ كۆرسىتىلدى. چۈنكى ئېلىمىزنىڭ
ھازىرقى باھا سىستېمىسىدا، ئۆتكەندە ئۇزاقىچە قىممەت قانۇنىنىڭ رولىغا
سەل قارالغانلىقى ۋە باشقا تارىخى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، خېلىلا قالايمىقانچىلىق
مەۋجۇت، بۇنىڭ ئاساسى ئىپادىلىرى مۇنۇلار: بىرىنچى، ئوخشاش بولمىغان تاۋار-
لارنىڭ باھا نىسبىتى مۇۋاپىق ئەمەس، بىر مۇنچە تاۋارلارنىڭ باھاسى قىممىتىنىمۇ،
تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىمۇ ئەكس ئەتتۈرەلمەيدۇ.
بولۇپمۇ بەزى قېزىلما بايلىق مەھسۇلاتلىرى، خام ئەشيا - ماتېرىياللار ۋە ئېنېر-
گىيە قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى تۆۋەن، بۇ ھال ئاساسى سانائەتنىڭ
تەرەققىياتىغىمۇ پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكىمۇ
پايدىسىز بولۇپ، مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسىنى، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى ۋە ئىستې-
مال قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈپ، خەلق ئىگىلىگىنى ساغلام
ۋە تەكشى راۋاجلاندۇرۇشقا كاشىلا قىلماقتا. ئىككىنچى، ئوخشاش تاۋارلارنىڭ سۈپەت
جەھەتتىكى باھا پەرقى ئايرىلمىغان، باھا يۇقىرى بولۇشقا تېگىشلىكلىرىنىڭ يۇقىرى
بولمىغان، تۆۋەن بولۇشقا تېگىشلىكلىرىنىڭ تۆۋەن بولمىغان، ھەتتا سۈپىتى ناچار
تاۋارلارنىڭ باھاسى يۇقىرى، سۈپىتى ياخشى تاۋارلارنىڭ باھاسى تۆۋەن بولۇش
تەك غەيرى نورمال ئەھۋال ساقلانماقتا، بۇ ھال تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە
يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا توسقۇنلۇق قىلماقتا. ئۈچىنچى، ئاساسلىق يېزا
ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى بىلەن سېتى-
لىش باھاسى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ قالغان. مەسىلەن: ئاشلىق ياغ، گۆش
قاتارلىقلار. ئۇنى سودا ئورۇنلىرى قانچىلىك كۆپ سېتىۋالسا، زىيان شۇنچە كۆپ
بولىۋاتىدۇ. دۆلەت مالىيەسىنىڭ يۈكىمۇ شۇنچە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەگەر
دۆلەتنىڭ مال باھاسىغا قوشۇپ بېرىلىدىغان ياردىمى ھەددىدىن زىيادە كۆپ
بولۇپ كەتسە، مالىيە قىزىل رەقىمى كۆپىيىدۇ. يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار نامۇۋاپىق
باھا سىستېمىسىنىڭ خەلق ئىگىلىگىنىڭ نورمال ھەركىتىگە ۋە تېز تەرەققى قىلى-
شىغا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق نامۇۋاپىق باھا سىس-
تېمىسى ئىسلاھ قىلىنمىسا، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش
ئۈنۈمىگە توغرا باھا بەرگىلى بولمايدۇ. شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى مال
ئالماشتۇرۇشنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. تېخنىكا تەرەق-
قىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى ۋە ئىستېمال قۇرۇلمى-
سىنى ئەقلىغا مۇۋاپىقلاشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئىجتىمائىي ئەمگەكنى كۆپلەپ ئىسراپ
قىلىش ئەھۋالى تۈگۈلماي قالمايدۇ، شۇنداقلا، ئەمگەكگە قاراپ تەقسىم قىلىش

پىرىنسىپىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغىمۇ ئېغىر دەرىجىدە دەخلى يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نامۇۋاپىق باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ قالدى. نۆۋەتتىكى نامۇۋاپىق باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ھەرگىزمۇ پايدا قوغلۇشۇش ياكى دۆلەتنىڭ ئۆز پۇقرالىرىدىن نەپ ئېلىشى بولماستىن، بەلكى ھەر جەھەتتىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش خەلقنىڭ ئۆزلۈكسىز ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئاساسىي چىقىش نۇقتىسى. لېكىن كۆپ يىللاردىن بېرى ئېلىپ بارغان «مال باھاسى مۇقىم» دېگەن تەشۋىقاتىمىزدا مال باھاسىنى توڭلىتىپ قويۇش بىلەن تەڭلەشتۈرۈلگۈنلىكى ئۈچۈن، مال باھاسىنى چۈشۈرۈشكىلا بولىدىغان، ئۆستۈرۈشكە بولمايدىغان، ھەرقانداق بىر خىل مەھسۇلاتنىڭ باھاسى ئۆستۈرۈلسە، كەڭ خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايدىغان ئەھۋال پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار بىر خىل توۋارنىڭ باھاسى ئۆستۈرۈلسە زەنجىرسىمان رېئاكسىيە پەيدا قىلىپ قويىدۇ دەپ قورقتى. مال باھاسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە چۈشۈشى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيتى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى. شۇڭا، خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى باھا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىغا بولغان تۈرلۈك مۇجمەل كۆز قاراشلارغا قارىتا تەشۋىقات ۋە تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن باھا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە قىممەت قانۇنىنىڭ تەلىپىگە ئاساسلانغاندا، باھا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدا مۇنۇلارغا دىققەت قىلىش كېرەك: بىرىنچى، قىممەت قانۇنىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن مۇۋاپىق باھا نىسبىتىنى تەڭشەپ، چۈشۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىدىن چۈشۈرۈش، ئۆستۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن قىممەتنىمۇ، تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇۋاپىق باھا سىستېمىسىنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. ئىككىنچى، بىر قىسىم قىزىلما بايلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ۋە خام ئەشيا - ماتېرىياللارنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈشتە كاسىنا ئىشلىگۈچى كارخانىلار سەرپىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئازايتىپ، قىزىلما بايلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە خام ئەشيا ماتېرىياللار باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى بىلەن ئۆسكەن تەننەرقىنى ئاساسىي جەھەتتىن كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەڭشۈۋېتىشى، ئۇنىڭ ئاز قىسمىنى دۆلەت باجنى كېمەيتىپ ئېلىش ياكى ئالماسلىق يولى بىلەن ھەل قىلىش لازىم. بۇنىڭلىق بىلەن سانائەت ئىستىمال بۇيۇملىرىنىڭ بازاردا سېتىلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈشتىن ساقلىنىش لازىم. ئۈچىنچى، دېھقانچىلىق ۋە

قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىش ۋە سېتىلىش باھاسىدىكى ئاستىن - ئۈستۈن-
لۈكنى ئوڭشىغاندا، ۋە ئىستىمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنى تەڭشىگەندە، باھانىڭ تەڭشەل-
مىگەنلىكى سەۋەبى بىلەن يېزا - شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەمەلىي كىرىمىنىڭ تۆۋەنلەپ كەت-
مەسلىكىگە ھەقىقى تەدبىر قوللىنىپ كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۆسۈشىگە
ئەگىشىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى پەيدىن پەي ئۆستۈرۈش لازىم.
ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئارقىلىق ئۆستۈرۈش كېرەككى، كارخانى-
نىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا ئۈمۈتىنى ھەرگىز باھانى ئۆستۈرۈشكە باغلىماسلىق
كېرەك. ھەر قانداق ئورۇن، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىسلاھات پۇرسىتىدىن پايدى-
لىنىپ باھانى خالىغانچە ئۆستۈرۈشىگە، سۈنئىي ھالدا باھا ئۆستۈرۈش شامىلىنى
چىقىرىپ، سوتسىيالىستىك بازارنى قالايمىقانلاشتۇرۇشىغا، دۆلەتنىڭ ۋە ئىستىمال-
چىلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سېلىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ.

باھا سىستېمىسىنىڭ نامۇۋاپىقلىقى باھا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ نامۇۋاپىق-
لىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى مال باھا باشقۇرۇش
تۈزۈلمىسىدە ئاساسەن مەركەز، ئۆلكە، ۋىلايەت ۋە ناھىيىدىن ئىبارەت 4 دەرىجە بويىچە
مال باھاسىنى باشقۇرۇش پرىنسىپى يولغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن كارخانىلاردا باھانى بەل-
گىلەش ھوقۇقى بولمىدى. مال باھاسىنى باشقۇرۇش بەك چىڭ ۋە ھەددىدىن ئارتۇق مەر-
كەزلەشكەنلىكى، باھا شەكلى بىر خىللا بولۇپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن تۇرغۇن تاۋارلار-
نىڭ باھاسى ئۇزاققىچە قىممىتىدىن ئېغىر دەرىجىدە ئايرىلىپ قېلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ
پىلانلىق نىسبەت بويىچە راۋاجلىنىشىغا ۋە 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا
تەسىر يەتكۈزمەكتە. ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئىقتىسادىي
تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، باھا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى
ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھ قىلىش كېرەك. باھا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشتا،
ئاساسلىقى، باھانىڭ دۆلەت بىر تۇتاش بەلگىلەيدىغان دائىرىسىنى پەيدىن - پەي
تارايتىپ، مەلۇم دەرىجىدىكى تۇراقسىز باھا ۋە ئەركىن باھا دائىرىسىنى مۇۋا-
پىق كېڭەيتىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، باھانى ئىجتىمائىي ئەمگەك
ئۈنۈمدارلىقىنى ۋە بازاردىكى تەمىنلەش - تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۆز-
گىرىشىنى بىر قەدەر تېز ئەكس ئەتتۈرىدىغان، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ
ئېھتىياجىغا ئوبدانراق ماسلىشىدىغان قىلغىلى بولىدۇ.

— 3 —

نۆۋەتتە بىر مۇنچە كىشىلەر، باھا سىستېمىسى ۋە باھا باشقۇرۇش تۈزۈمى
ئىسلاھ قىلىنسا بازاردا مال باھاسى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆرلەپ كېتىدىغان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ۋە خەلقنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كېتىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقامدۇ- يوق دەپ ئەنسىرەشمەكتە. بۇ يولداشلارنىڭ ھېسسىياتى چۈشىنىشلىك. مېنىڭچە باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن مال باھاسىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملىقىنى ساقلاش بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ئەمەس. جاۋزىياڭ زۇڭلى 6- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتىدا «مال باھاسىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشى دېگەننى مال باھاسىنىڭ توڭلىتىلىشى دەپ چۈشىنىپ، باھادىكى ھەرقانداق ئۆزگىرىش جەزمەن خەلقنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى مەھسۇلات باھاسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەننەرقىدىكى ۋە بازارنىڭ تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئەھۋالىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ مەلۇم دائىرىدە ئۆزگىرىپ تۇرۇشى تامامەن نورمال ئەھۋال.» دەپ كۆرسەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مال باھاسى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم دېگەننى توغرا چۈشىنىش كېرەك. مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش دېگەنلىك مال باھاسىنى توڭلىتىپ قويۇش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى مال باھاسى سەۋىيىسىنى تىزگىنلەپ تولىمۇ ئاشۇرۇۋەتمەسلىك ۋە تولىمۇ چۈشۈرۈۋەتمەسلىك كېرەك دېگەنلىكتىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ئەكسىچە، نامۇۋاپىق بولغان باھانى ئۆز ۋاقتىدا تەڭشىگەندىلا، ئاندىن مال باھاسىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملىقىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. لېكىن ئىلگىرى مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش دېگەننى، كۆپىنچە،مال باھاسىنىڭ ئۆزگەرمەسلىكى ياكى مال باھاسىنىڭ توڭلىتىلغانلىقى دەپ قاراپ كەلگەنلىكتىن باھانىڭ قىممەتتىن ئېغىر ھالدا ئايرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق مۇشۇنداق قارىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا، باھا ئىسلاھاتىدا ھەم باھا سىستېمىسىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق قىلىپ تەڭشەش، ھەم باھانى ئۆزگەرتمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. مال باھاسى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولدى دېگەندە، دائىرە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەر بىر تاۋار باھاسىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقى ئەمەس، بەلكى بازاردىكى مال باھاسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولغانلىقى، ھەر خىل تاۋار باھاسىنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ۋە تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، ئۆستۈرۈشمۇ بولغان، چۈشۈرۈشمۇ بولغان ئاساستا تەڭشىلىپ تۇرىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. خاراكتېرى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ مال باھاسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ بىر قەدەر زور دەرىجىدە داۋالغۇپ تۇرۇشىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان بولۇپ، مال باھاسى ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ مەلۇم چەك دائىرىسىدە نورمال داۋالغۇپ تۇرۇشىنى چەتكە قاقمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاساسىي جەھەتتىكى مۇقىملىق پەقەت نىسبىي مۇقىملىق بولۇپ، ئۇ مال باھاسى ئومۇمىي سەۋىيىسى ھەركىتىنىڭ روشەن

بولىغان بىر خىل تەدرىجى ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرىدىغانلىقىنىلا كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللاردىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، باھا ئىسلاھاتىدا ھەم باھا سىستېمىسىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق قىلىپ تەڭشەش ھەم مال باھاسىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملىقىنى ساقلاپ قېلىش تامامەن مۇمكىن، چۈنكى مال باھاسىنىڭ مۇقىملىقىنى ئاساسىي جەھەتتىن ساقلاش بىزنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتقان فاڭجېنىمىز، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئوبيېكتىپ تەلەپ. 36 يىلدىن بۇيان مەملىكىتىمىزنىڭ مال باھاسىدا بىر قانچە قېتىم داۋالغۇش بولغان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى تېزلا مۇقىملاشتۇرۇۋېلىندى. بۇ ھال سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. مەملىكىتىمىزنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مال باھاسىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملىقىنى ساقلاشتا، قىممەت قانۇنىنىڭ تەلىپىگە ھۆرمەت قىلىپ مەھسۇلاتلارنىڭ نامۇۋاپىق باھا پەرقىنى تەڭشەپ، كۆپ ساندىكى مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى شۇ مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىك باشقۇرۇش تەننەرقىگە ۋە تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشىگە دائىم ماسلىشالايدىغان قىلىش، يەنە چۈشۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى چۈشۈرۈش، ئۆستۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، ئاندىن مال باھاسىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملىقى كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە بولالايدۇ. مۇقىملىقنىلا سۆزلەپ، تەڭشەشنى سۆزلىمەسلىك، مال باھاسىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنىڭ ئەسلى مەقسىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بىز باھانى تەڭشىگەن ۋاقىتتا، پەقەت باھانىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن خەلق دارامىتىنىڭ ئېشىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھەقىقىي تۈردە ئوبدان ھەل قىلىدىغان بولساق، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيمىز. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان بىز ئۇزاق ۋاقىت قىممەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىققان باھانىڭ ئېغىر دەرىجىدە نامۇۋاپىق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، باھا تۈزۈلمىسىگە قارىتا دەسلەپكى قەدەمدىكى بەزى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردۇق. بەزىلىرىنى مۇۋاپىق تەڭشىدۇق. مەسىلەن: 8 خىل قوشۇمچە يېمەكلىكنىڭ باھاسى ئۆستۈرۈلدى، پاختا رەختنىڭ باھاسى ئۆستۈرۈلدى. خىمىيىۋى تالا بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى چۈشۈرۈلدى. بەزىلىرى مۇۋاپىق دەرىجىدە قويۇۋېتىلدى، مەسىلەن: ئۇششاق تاۋارلار، 3- خىل دېھقانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى ۋە بىر قىسىم ئۆي قۇشلىرى، كۆكتات، مېۋە - چېۋە، سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى دۆلەت بىر تۇتاش بەلگىلەشتىن كارخانىلارنىڭ ئۆزى بەلگىلەشكە ياكى ئىشلەپچىقارغۇچى بىلەن سېتىۋالغۇچى مەسلىھەتلىشىپ بەلگىلەشكە ئۆزگەرتىلدى. بۇنىڭ بىلەن باھا سەۋىيىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەقىقەتەن بىر ئاز ئۆرلىدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1978 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش راسخوتى كۆرسەتكۈچى تەخمىنەن 18 پىرسەنت (يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3 پىرسەنتتىن ئازراق) ئۆسكەن، قارىماققا مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمى بۇرۇنقىغا قارىغاندا، بىر ئاز چوڭ بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن شۇ مەزگىلدە ھەر بىر ئىشچى خىزمەتچىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققىمۇ 602 يۈەندىن كۆپىيىپ 865 يۈەنگە يېتىپ 43 پىرسەنتتىن كۆپرەك (يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6 پىرسەنتتىن كۆپرەك) ئاشقان، ئىش ھەققىنىڭ ئۆسۈشى مال باھاسىنىڭ ئۆسۈش ھەجىمىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلاندى. بۇ شۇنى ئېنىق ئىسپاتلىدىكى باھا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدا خەلقنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنلىمەيلا قالماستىن، بەلكى باھانىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى تۈپەيلىدىن، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، بازارنى تەمىنلەيدىغان تاۋارلار تېخىمۇ كۆپەيدى. بۇنىڭ بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىمۇ تېزدىن ياخشىلىنىشقا ئېرىشتى، بۇنى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئۆزىنىڭ بىۋاستە كەچۈرمىشلىرىدىن ھېس قىلالايدۇ. نۆۋەتتە گۆش، كۆكتات قاتارلىق دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر خىل تەڭشەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەڭشەش باھانى ئۆرلىتىشنىلا ئەمەس، بەلكى چۈشۈرۈشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. جاۋزىياڭ زۇڭلى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىدا «ئېلىمىزنىڭ مۇشۇ بىر نەچچە يىللىق ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، باھانى مۇۋاپىق تەڭشەش ۋە لايىقىدا قويۇۋېتىش قىممەت قانۇنىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باھانىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن خەلق دارامىتىنىڭ ئېشىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئوبدان ھەل قىلىش ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈنلا ئەمەس، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق، خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن» دەپ كۆرسەتتى.

مال باھاسى ئىسلاھاتىدا قانداق قىلغاندا، مال باھاسىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىگىلى ۋە مال باھاسىنىڭ ئاساسى جەھەتتىن مۇقىملىقىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ؟

بىرىنچى، پۇلنىڭ تارقىتىلىش مىقدارىنى قاتتىق تىزگىنلەش، ئىستېمال فوندىنىڭ ئۆسۈشىنى ئۈنۈملۈك ھالدا كونترول قىلىش ئارقىلىق مالىيە كىرىم چىقىمىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى، ئىناۋەتلىك قەرز كىرىم چىقىمىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى، ئىجتىمائىي سېتىۋېلىش كۈچى بىلەن تاۋار ئارقىلىق تەمىنلەش مىقدارىنىڭ تەڭپۇڭلۇ-

قىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. مال باھاسى بىلەن ئىش ھەققىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمى ئېھتىياجى بىلەن تەمىنلەشنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش لازىم. بۇلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنە ئىنتايىن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىككىنچى، ئىشلەپچىقىرىشنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇپ، تەمىنلەشنى كۆپەيتىپ ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەپ مالىيە ئەھۋالىنىڭ يەنىمۇ ياخشىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. بىر قىسىم كان مەھسۇلاتلىرى ۋە خام ئەشيا ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرگەن ۋاقىتتا، پىششىقلاپ ئىشلىگۈچى كارخانىلار زور كۈچ بىلەن سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىپ، كان مەھسۇلاتلىرى ۋە خام ئەشيا - ماتېرىياللارنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈش تۈپەيلىدىن ئېشىپ كەتكەن تەننەرقىنى ئاساسەن كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر ياقلىق قىلىش كېرەك. بۇ مال باھاسىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملىقىنى ساقلاشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك تەدبىر.

ئۈچىنچى، ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى قاتتىق كونترول قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنى ماسلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇش لازىم. ئىمپورت - ئېكسپورت سىياسىتىنى جانلىق ئىگەللەش لازىم.

تۆتىنچى، باھا باشقۇرۇش ۋە بازار باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مال باھاسى ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، باھانى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆستۈرىدىغان ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا ئۆستۈرىدىغان ھادىسىلەرنى قەتئىي مەنئى قىلىش كېرەك. باھا ئىسلاھاتى پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ۋە قانۇنسىز ۋاسىتىلار بىلەن مال باھاسىنى ئۆستۈرۈپ پايدا ئالغۇچىلارغا تېگىشلىك جازا بېرىش كېرەك.

باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمى ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك، ھەممە ئادەمنىڭ مەنپەئەتىگە بېرىپ تاقىلىدىغان چوڭ ئىش، شۇڭا ئۇنى جەزمەن ئىنتايىن ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ۋە دۆلەت مالىيە كۈچىنىڭ كۆتىرىش ئىمكانىيىتىگە قاراپ، خەلقنىڭ ئەمەلىي دارامىتىنىڭ پەيدىن - پەي كۆپىيىشىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا پىلانلىق ۋە قەدەممۇ - قەدەم ئېلىپ بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، ئاندىن مۇۋاپىق باھا سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، باھادىن ئىبارەت بۇ پىشاڭنىڭ ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى، پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

www.nurkitap.com

# ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۈچىنچى كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا

خەلىپىدىن مۇسايوپ

3- كەسىپ، كىشىلەرنى ھەر خىل، ھەر شەكىلدىكى ئەمگەكلەر بىلەن تەمىنلەيدىغان خىزمەت قىلىش كەسپىنى كۆرسىتىدۇ. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 7- بەشيىللىق پىلاننى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىۋى»دە: «3- كەسىپنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىدىغانلىقى ۋە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ بارىدىغانلىقىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى، شۇنداقلا زامانىۋى ئىقتىسادنىڭ مۇھىم ئالامىتىدۇر» . دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 3- كەسىپنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىدە تۇتىدىغان سالمىقىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا، 3- كەسىپ ئىككى چوڭ تارماققا بۆلۈنىدۇ: بۇنىڭ بىرى مۇئامىلە تارمىقى، يەنە بىرى مۇلازىمەت تارمىقى. كونكرېت ئېيتقاندا، 3- كەسىپ تۆۋەندىكىدەك 4 تەرتىپكە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى مۇئامىلە تارمىقى: بۇ قاتناش - ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف، سودا ۋە يېمەك- ئىچمەك كەسپى، ماددىي ئەشيا تەمىناتى ۋە ساقلاش كەسپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىنچى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش مۇلازىمەت تارمىقى: بۇ پۇل مۇئامىلە، ئىستراخوۋانىيە، گېئولوگىيەلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش، تۇۋار شەكىلدىكى ئولتۇراق جاي، ساياھەتچىلىك، ئۇچۇر كەسپى ۋە تۈرلۈك تېخنىكا مۇلازىمەت كەسپى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۈچىنچى، پەن - مەدەنىيەت تارمىقى: بۇ، مائارىپ، مەدەنىيەت رادىيو - تېلېۋىزىيە، پەن - تەتقىقات، سەھىيە، تەنتەربىيە ۋە باشقا ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۆتىنچى، جەمئىيەت ۋە ئاممىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تارمىقى: بۇ، دۆلەت ئورگانلىرى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، ئارمىيە ۋە ساقچى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 11- نۆۋەتلىك 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان

خەلق تۇرمۇشى كۆرىنەرلىك ياخشىلاندى. پەقەت 1983 - يىلىلا ئاپتونوم رايو-
نىمىزنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليارت 400
مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 12 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى
(1949 - يىلى شىنجاڭ بويىچە سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمى مەھسۇلات
قىممىتى خەلق پۇلى ھېسابىدا 720 مىليون يۈەنگىمۇ يەتمەيتتى) بۇنىڭ بىلەن
خەلقنىڭ سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجى دەسلەپكى
قەدەمدە تەمىن ئېتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن خەلقنىڭ ئىستىمال سەۋىيىسى ۋە
باشقا تۈرلۈك ئىجتىمائى پائالىيەتلىرى ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە. بىر خىللىق-
تىن كۆپ خىللىققا قاراپ تەرەققى قىلىشقا باشلىدى. لېكىن خەلق ئاممىسىنىڭ
كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددى ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى تېخىمۇ زور دەرىجى-
دە قامداش ئۈچۈن، يالغۇز ماددى ۋاستىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققى قىلدۇ-
رۇش بىلەن تېخىمۇ كۆپ ماددى بايلىقلارنى يارىتىپلا قالماستىن بەلكى ھەر
خىل تۈرلۈك شەكىلدىكى خىزمەت قىلىش كەسىپلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلان-
دۇرۇش لازىم.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قاتناش تىران-
سپورت، پوچتا - تېلېگىراف ۋە پەن - مەدەنىيەت ئىشلىرى خېلى زور مۇۋاپپەقىيەت-
لەرگە ئېرىشتى. لېكىن بۇ يېتەرلىك ئەمەس. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھازىر
ئىگىلىكى تەرەققى قىلغان بەزى مەملىكەتلەرنىڭ 3 - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنى-
دىغان خادىملىرى، ئىشقا ئورۇنلاشقۇچىلار ئومۇمى سانىنىڭ 60 — 70 پىرسەنتى-
نى، 3 - كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى، مىللى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمى قىممىتى-
نىڭ 50 — 60 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدىكەن. مەملىكىتىمىزدىكى 3 - كەسىپنىڭ
تەرەققىياتى نىسبەتەن تۆۋەن بولۇپ، 3 - كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئىشقا
ئورۇنلاشقۇچىلار ئومۇمى سانىنىڭ ئاران 15% نى، مەھسۇلات قىممىتى مىللى
ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمى قىممىتىنىڭ ئاران 20% نى ئىگەللەيدۇ. بۇلارغا سېلىش-
تۇرغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 3 - كەسىپنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ تۆۋەن
خۇددى «تەكلىپ»تە كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك «ئۇزۇندىن بۇيان، دۆلىتىمىزدە 3 -
كەسىپ بەك ئارقىدا قېلىپ، قاتناش راۋانلاشماي، ئۇچۇر تېز بولماي، ئىشلەپچى-
قىرىشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى مۇلازىمەتچىلىك، شۇنىڭدەك سودا، پۇل مۇئامىلىسى
تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكى قاتارلىق ئىشلار ھېچقانچە تەرەققى قىلماي، مەبلەغدىن
پايدىلىنىش ئۈنۈمىنىڭ ناچار، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشىغا سەۋەپ
بولدى. ھەمدە ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا ئىنتايىن قولايسىزلىق تۇغدۇردى». شۇنىڭ
ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدا 3 - كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش
ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاپتونوم رايونىمىزدا 3 - كەسىپنى زور كۈچ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك توۋار ئىگىلىكىنى زور تەرەققىياتقا ئىگە قىلىدۇ، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنى ياخشىلايدۇ.

3 - كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرغاندا، يالغۇز خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئوڭۇشلۇق شەرت - شارائىت ھازىرلىغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، 3 - كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. دېمەك، ئاپتونوم رايونىمىزدا 3 - كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلپى.

3 - كەسىپنىڭ ئالاھىدىلىگىدىن قارىغاندا، ئۇ، ماددىي تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش تارمىقى ئەمەس. ئۇ كىشىلەرنى مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى ئەمگەكلەر بىلەن تەمىنلەيدىغان مەخسۇس كەسىپ. 3- كەسىپ ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئادەتتە ھەجمى ۋە ماسسىسى بولمايدۇ. بۇ مەھسۇلاتلار جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش شەكلى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن، كىشىلەر ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتىنى سەرپ قىلىدۇ. شۇڭا بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ قىممىتى ۋە ئىستېمال قىممىتى بولىدۇ. بۇلار بىۋاستە ۋە ۋاستىلىق ھالدا، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن، ھەمدە 1- ۋە 2 - كەسىپلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

مەسىلەن: سودا - مۇلازىمەت كەسپى، كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن لازىم بولىدىغان ئىستېمال بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇچۇر كەسپىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى، كارخانىلارغا توغرا يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز قولىدىكى مەبلەغدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالاقە ئىشلىرىنى ياخشىلاپ، بازار ئۇچۇرى، ئىلغار تېخنىكا ۋە ئاخبارات ئالماشتۇرۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىدۇ.

شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، 3 - كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرغاندا، كەڭ ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ كەڭ

يولىنى ئاچقان بولىدۇ. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى شەھەر ۋە يېزا - قىشلاقلىرىدا، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتەلمەي قېپ قالغان زور بىر تۈركۈم ياشلار قوشۇنى بار. ئەگەر ھەر قايسى ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەرنىڭ ئىقتىسادىي شەرت - شارائىتى ۋە تەبىئىي شەرت - شارائىتىغا ئاساسەن، رېمونتچىلىق. ساتىراچلىق، كۈتۈچىلىك، كىتاپپۈرۈچلۈق، ساياھەتچىلىك، سەيپۇڭلۇق (تىككۈچىلىك)، يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سوغاق ئىچمىلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كىچىك تىپتىكى مۇلازىمەت كەسىپلىرى كۆپلەپ تەسىس قىلدۇرۇلسا. جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغىلى ۋە كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ سانى ۋە تۈرلىرىنى كۆپەيتىپ، خەلق تۇرمۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بەرگىلى بولىدۇ. دېمەك، كەلگۈسى تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدا 3 - كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر ۋە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى. خەلق ئاممىسىنىڭ كىرىمى كۆپىيىپ، ئىستېمال سەۋىيىسى ئۆستى. شۇنىڭدەك، ئۇلارنىڭ ئىستېمال قۇرۇلمىسىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. مانا بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدا 3 - كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنىڭ كۈچلۈك ماددىي ئاساسى. مەملىكىتىمىزنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات پىلانىنى تۈزگۈچىلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، تاۋار شەكلىدىكى ئولتۇراق جاي، يېڭى شەكىلدىكى مۇلازىمەت كەسىپلىرى، مەسىلەن: ھەر خىل ئۇچۇر كەسپى، دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەت، دۆلەت سىرتىدىكى قىسقا مۇددەتلىك ساياھەت، ساقلىقنى ساقلاش كەسپى، تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش مەركەزلىرى ۋە تۈرلۈك ئائىلە مۇلازىمەت كەسىپلىرى زور تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە بولىدىكەن. خەلقنىڭ كىرىمى كۆپىيىپ، ئىستېمال سەۋىيىسى ئۆسكەنسېرى ئۇلارنىڭ داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ۋە ساياھەت كەسپىلىرىگە بولغان ئېھتىياجى كۈنسايىن ئېشىپ بارىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئاپتونوم رايونىمىزدا 3 - كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش زۆرۈرلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە:

بىرىنچىدىن، 3 - كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، شەھەرلەرنى مەركەز قىلغان كۆپ خىل ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان پايدىلىق ئىستىقبالغا ئىگە. ھالبۇكى شەھەرلەردىكى كۆپ خىل ئىگىلىك شەكىللىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلسا، بۇ شەھەرلەر ئەتراپىدىكى رايونلارنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلىپ

www.uyghurkitap.com

قىلالايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەتراپتىكى رايونلارنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈرتكە بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، 3 - كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، شەھەرلەردە ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرىدىغان پايدىلىق ئىستىقبالغا ئىگە، شەھەرلەر 3 - كەسىپنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن بازىرى. شۇڭا، شەھەرلەردىكى تەرەققىيات پىلانى 3 - كەسىپنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى قوللىشى كېرەك. شۇنىڭدەك 3 - كەسىپ شەھەرلەردىكى ئومۇمى تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەڭشەش رولىنى ئوينىشى كېرەك. ھازىرقى تەرەققىيات يۈزلىنىشىدىن قارىغاندا، يېزىلاردىكى تۇۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يۈكسىلىشى ۋە تەرەققىياتى، شەھەرلەر بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدىكى تۇۋار مۇئامىلىسىگە ئېلىپ بارىدۇ. نەتىجىدە كۆپلىگەن كەسپى ئائىلىلەر ۋە نۇقتىلىق ئائىلىلەر شەھەرلەرگە كىرىپ 3 - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ كەڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ شەھەرلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا 3 - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كوللېكتىپ ۋە شەخسىلەر كۆپلەپ مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ ھال، شەھەرلەردە ئۇزۇندىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئاددى ۋە بۇرۇقتۇم ۋەزىيەتنى يوق قىلىپ، شەھەرلەردە ئەسلىدىن بار بولغان ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىسى ۋە تۇۋار مۇئامىلىسىنى كۈچەيتىپ، شەھەرلەردە ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كۈچلۈك ماددى ئاساسىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەبىئى شەرت - شارائىتىدىن قارىغاندا، 3 - كەسىپنىڭ زور تەرەققىيات ئىستىقبالى بار. ئاپتونوم رايونىمىز ئاھالىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشى تارقاق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ بىزنى چوڭ شەھەرلەر بىلەن ھەر دەرىجىلىك ئاساسى قاتلاملار، يېزىلار بىلەن يېزىلار ۋە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىلەن چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ئوتتۇرىسىدا مۇستەھكەم قاتناش - ترانسپورت تورىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن، شۇنىڭدەك تورلۇك سەھىيە پونكىتلىرى ۋە سودا تارماقلىرىنى قۇرۇش ئۈچۈن، ئەۋزەل شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەنئەنىۋى مەدەنىي - يادىكارلىقلار ساقلىنىۋاتقان رايونلار ۋە باشقا كۆپلىگەن مەنزىرىلىك جايلار بار. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدا ساياھەتچىلىك كەسىپنى يولغا قويۇشنىڭ ۋە تەرەققى قىلدۇرۇشنىڭ زور كاپالىتى. «تەكلىپ» تە شۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى. «3 - كەسىپنى بولۇپمۇ خەلق تۇرمۇشى ئۈچۈن بىۋاستە خىزمەت قىلىدىغان 3 - كەسىپنى يولغا قويۇشنىڭ ئاچقۇچى، سىياسەتتە تېخىمۇ كەڭ بولۇش، كوللېكتىپ ئىگىلىك بىلەن يەككە ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش» . شۇڭا جايلار ئۆزلىرىنىڭ تەبىئى شەرت - شارا-

# بەدىئىي زوق ۋە مىللىي ئەنئەنە

## سالى خۇدابەردى

بەدىئىي زوق كىشىلەردە ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ھاسىل بولىدىغان بىر خىل مەنىۋى پائالىيەت يەنى كىتابخانلاردا قوزغىتىلىدىغان ئوبرازلىق تەپەككۇر پائالىيىتىدىن ئىبارەت.

ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا بېرىدىغان تەسىرى ۋە ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشتە ئوينايدىغان رولى پەقەت بەدىئىي زوقلىنىش پائالىيىتى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. شۇڭا ئۇ، كەڭ جامائەتچىلىك ئورتاق قاتنىشىدىغان (ئاممىۋى خاراكتېرلىك) ئىجتىمائىي پائالىيەت ھېسابلىنىدۇ.

كىشىلىك جەمئىيەتتىكى ماددىي ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بەدىئىي زوقلىنىش پائالىيىتىمۇ بارغانسېرى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئىنتايىن زور بىر ئېھتىياجغا ئايلاندى.

ئىنسانلار ھايات كۆچۈرۈش داۋامىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاق، ئۆرپ - ئادەت ۋە گۈزەللىك نوقتىئىنەزەرلىرى بويىچە ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى تۈرلۈك شەيئى - ھادىسىلەرنىڭ ياخشى ياكى يامانلىقىغا، سەت - چىرايلىقلىقىغا ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرگە قارىتا ئۆز كۆز قاراشلىرى، باھاسى ۋە ئەقلىي ھۆكۈملىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، تۇرمۇش شارائىتى، سەرگۈزەشتىسى، ئائىلە ۋە

---

ئىتى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ئىدىيىنى يەنە-مۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئازاد قىلىپ، تۈرلۈك مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى كەسىپلەرنى تەسىس قىلسا ۋە يولغا قويسا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەسلىدە بار بولغان تارماقلارغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىكلىرىنى دادىللىق بىلەن ئۆزگەرتىپ، قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، 3 - كەسىپنىڭ خىزمەت قىلىش دائىرىسى ئۈزلۈكسىز تۈردە كېڭىيىپ بارىدۇ. 3 - كەسىپتىن ئىبارەت مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى ئەمگەكنىڭ قىممىتى ۋە ئىستېمال قىممىتى كۈندىن - كۈنگە جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىقتىسادىي ئەھۋالى، كەسپىي ئالاھىدىلىكى، مىجەز - خاراكتېرى، ياش قۇرامى ۋە ئەر - ئاياللىق پەرقلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشاش بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ قىزىقىشى، زوقلىنىش - ئىشتىياقى ۋە مەسىلىلەرگە بېرىدىغان باھاسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، مانا بۇ بىزگە بەدىئىي زوقنىڭ ھەر خىل كىشىلەردە ھەر تۈرلۈك بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەمەلىي تۇرمۇشتا، چوڭلار بىلەن كىچىك بالىلار بىللە تېلېۋىزور كۆرگەندە تېلېۋىزور نومۇرلىرىنى تالىشىپ قالىدىغان، زىيالىلار قىزىقىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىگە ئىشچىلار، ياكى دېھقانلار ئانچە قىزىقمايدىغان، ئىشچىلار ياقتۇرغاننى دېھقانلار ياقتۇرمايدىغان. شەھەر ئاھالىسى ياخشى كۆرىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى يېزا ئاھالىسى ئانچە ياقتۇرمايدىغان، ھەتتا ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ مۇئەييەن ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىگە قىزىقىشىدىمۇ مەلۇم پەرق بولىدىغان ئەھۋاللارنىڭ بولۇشى بەدىئىي زوقنىڭ ھەر خىل كىشىلەردە پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى يەنىمۇ تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

يۇقىرىقىدىن تاشقىرى يەنە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى بىريىچە يېزىلغان ئەسەرلەردىن زوقلانغۇچىلارمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر تولاراق كىنو كۆرۈشنى ياخشى كۆرسە، يەنە بەزىلەر تىياتىرغا بەكرەك قىزىقىدۇ. بەزىلەر مۇزىكا ئاڭلاشنى ياخشى كۆرسە، بەزىلەر ناخشىنى كۆپرەك ياقتۇرىدۇ، بەزىلەر شېئىرىي ئەسەرگە قىزىقسا، يەنە بەزىلەر ھېكايىغا قىزىقىدۇ. دېمەك، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ھەر قايسى ژانىرلىرىنىڭمۇ جەمئىيەتتە ئۆزىگە خاس ھەۋەسكارلىرى ۋە زوقلانغۇچىلىرى بولىدۇ. رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنىڭ خىلمۇ - خىل بولۇشى، ھەتتا ياشانغانلارغا، ياشلارغا ۋە بالىلارغا ئاتاپ ئايرىم ئەدەبىيات - سەنئەت پروگراممىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، يازغۇچى، شائىرلارنىڭ چوڭ ۋە يىرىك ئەسەرلىرىنى ئىجات قىلىپلا قالماي، ياشلارغا، بالىلارغا ئاتاپ، ئۇلارنىڭ زوقلىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان مەخسۇس ئەسەرلەرنى يېزىشى ھەر خىل زوقلانغۇچىلارنىڭ زوقلىنىش ئېھتىياجىنى مۇناسىپ دەرىجىدە قاندۇرۇشنى مەخسەت قىلىدۇ.

ئۇمۇمەن، كىشىلەردىكى بەدىئىي زوقنىڭ بىر خىل بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئەمەلىي پاكىت - بارچە گۈللەرنىڭ تەڭ ئېچىلىشىغا بولغان تەلەپنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچى، سەنئەتكارلار ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا، كەڭ زوقلانغۇچىلارنىڭ زوقلىنىش ئوبيېكتىگە بولغان تەلەپ ۋە ئېھتىياجىنى تولۇق نەزەردە تۇتىشى، «مەھسۇلاتنى خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشى» لازىم بولىدۇ. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە زوقلىنىش ئوبيېكتىنىڭ سۈپەت جەھەتتىكى يۈكسىلىشىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى زۆرۈر. چۈنكى بۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگە بىۋاستە

مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

بەلگىلىك بىر مىللەت نوقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئالاھىدە مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىدىكى ئورتاق ئالاھىدىلىكلەر شۇ مىللەت خەلقىگە ئورتاق بولغان بىر خىل بەدىئىي زوقنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەنە شۇنداق مىللىي تۈس ئالغان بەدىئىي زوق ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، شۇ مىللەتنىڭ پەلسەپەۋى كۆز قارىشى، ئەخلاق كۆز قارىشى، ئۆرپ - ئادەت، دىنىي ئەقىدە ۋە ئەدەبىي - سەنئەت كۆز قاراشلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن جۇغلانما بولۇپ، ئۇ، تەدرىجى ھالدا زور بىر تەسىر كۈچكە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، شۇ مىللەت خەلقىنىڭ مۇقىم ۋە ئورتاق بولغان گۈزەللىك ھەم زوقلىنىش ئېھتىياجىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى مىللىي ئۇسلۇپ ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك ئەنە شۇ مىللەت خەلقىگە ئورتاق بولغان گۈزەللىك ۋە زوقلىنىش ئېھتىياجىنى تەمىن ئېتىشتە مۇھىم ئامىللاردىن بىرى بولۇپ قالىدۇ.

بەدىئىي زوق بىلەن زوقلىنىش ئوبيېكتىنىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى ئېھتىياج بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. يەنى ئېھتىياج ئىشلەپچىقىرىشنى ئالغا سۈرىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش بولسا يەنە يېڭى ئېھتىياجنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. دېمەك، بەدىئىي زوق يېڭىدىن يېڭى زوقلىنىش ئوبيېكتىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرسە، يېڭى زوقلىنىش ئوبيېكتى بەدىئىي زوقنىڭ يېڭى تەلىپىنى ۋە ئۇنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشىنى تەمىن ئېتىدۇ. شۇڭلاشقا، مۇئەييەن بىر مىللەتكە ئورتاق بولغان بەدىئىي زوقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، شۇ مىللەت خەلقىنى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مەلۇم بىرەر تۈردە، ياكى بىرەر شەكلىدە تېخىمۇ يۇقۇرى سەۋىيىگە يېتىش يولىدا ئىزدىنىشكە ۋە كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىشقا يېتەكلەيدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەت ژانىرىنىڭ باشقا ژانىرلارغا قارىغاندا نىسبەتەن گۈللەنگەنلىكى. سەنئەتتە ناخشا - ئۇسۇلنىڭ داڭ چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ ناخشا - ئۇسۇل ماكانى بولۇپ قېلىشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بەدىئىي زوقلىنىشىدىكى ئورتاق ئەنئەنىۋى تەسىر كۈچىدىن ئايرىلمايدۇ.

دېمەك، بەدىئىي زوقنىڭ ئەنئەنىۋى تەسىرى مۇئەييەن بىر مىللەت ئالاھىدىلىكىنىڭ شەكىللىنىشىدە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل، لېكىن، شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، ئۇنىڭغا نىسبەتەن توغرا چۈشەنچە ھاسىل قىلىنمىسا، ئايرىم ھاللاردا ئۇ، مۇئەييەن بىر مىللەت خەلقىنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا، جۈملىدىن شۇ مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن پاسسىپ ھالەتنى پەيدا قىلىش، ھەتتا توسالغۇ بولۇش رولىنىمۇ ئوينايدۇ. بولۇپمۇ ئۇ مەلۇم دىنىي خوراپاتلىق ۋە قالاق ئىللەتلەر بىلەن بىرلەشسە بىر خىل كۈچلۈك يەكلەش خاراكتېرىنى ئالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۈگۈنكى دۇنيادا پەن - تېخنىكىسى خېلىلا تەرەققىي قىلغان بەزى دۆلەتلەردى-
كى ئايرىم مىللەتلەر يەنىلا ئوتتۇرا ئەسىردىكى، ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى
قالاق تۇرمۇش ئۇسلۇبىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىر تەرەپتىن كاپىت-
تالىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈمدىن بولغان دەپ قارىساق، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ مىللەت
خەلقى باشقا مىللەتلەرگە نىسبەتەن مۇئەييەن تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پەيدا
بولغان روھىي جەھەتتىكى قارشىلىقنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي
زوقلىنىش ئەنئەنىسى ۋە گۈزەللىك نوقتىئىنەزەرلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا ساقلاپ
قېلىش دىگەننى ھەددىدىن زىيادە بىر تەرەپلىمە تەكىتلەپ، يېڭىلىقنى قوبۇل قىلا-
ماسلىق، كونا ئەنئەنىلىرىنىڭ قالاق تەرەپلىرىنى ئىسلاھ قىلماسلىق تۈپەيلىدىن
دەۋرنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئارقىسىدا قالغان. مىللىي ئەنئەنىگە بەدىئىي
زوق ۋە گۈزەللىك نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇ، ئىنتايىن قىممەتلىك، ئۇنى ھەقى-
قەتەن قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. چۈنكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەجدات-
لىرى بەرپا قىلىپ، كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان تارىخىي جۇغلانمىلار بولمىغان بولسا، شۇ
مىللەت خەلقىنىڭ بۈگۈنكى مىللىي تۇسكە ئىگە بەدىئىي زوقلىنىش ئەنئەنىسى ۋە گۈ-
زەللىك ئۇقۇمى بولمىغان بولاتتى. ھەمدە گۈزەللىكنى تاللاش ۋە پەرقلەندۈرۈش
ئىقتىدارىمۇ بولمىغان بولاتتى. ئومۇمەن، مىللىي ئەنئەنىنى يوقىتىپ قويۇش —
شۇ مىللەتنىڭ تەرەققىيات ئاساسىنى يوقاتقانلىق بولىدۇ. مىللىي ئەنئەنىگە
ئۆتمۈشنىڭ خاتىرىسى يېزىلغان ۋە تارىخنىڭ تامغىسى بېسىلغان، ئۇ ھەر مىللەت
ئەجداتلىرىنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشىنىڭ نەتىجىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي ئەنئەنە
ۋە مىراسلارنى قارا - قويۇق ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنىڭدىن قارامىلىق بىلەن ۋاز
كېچىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، ھەمدە بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا يېڭىلاشنىلا تەكىتلەپ
ئۇنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىگە كۆز يۇمۇشقا، پايدىلىق ۋە ئاكتىپ ئەنئەنىلەرگە ۋارىس-
لىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىدىن ياناپ ئۆتۈپ كېتىشكە تېخى-
مۇ يول قويغىلى بولمايدۇ، چۈنكى ۋارىسلىق قىلماي تۇرۇپ يېڭىلىغىلى، ئىسلاھ
قىلغىلى بولمايدۇ، ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ئۆزى يېڭىلاشنى، ئىسلاھ قىلىشنى مەخسەت
قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە مىللىي ئەنئەنىگە قارىغۇلارچە چوقۇنماستىن،
تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

مىللىي ئەنئەنىنى پەقەت پەن ۋە مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك چوققۇسىغا چىقىش-
نىڭ ھولى ۋە شوتىسى قىلغاندىلا ئاندىن ئۇ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى ناما-
يان قىلالايدۇ. مۇبادا مىللىي ئەنئەنە بىلەنلا قانائەت قىلىپ، ئۇنى يۈكسەكلىك-
نىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ قاراپ، ئۆزگەرتكىلى، ئىسلاھ قىلغىلى، يېڭى-
لىغىلى ۋە راۋاجلاندۇرغىلى بولمايدىغان مۇقەددەس روھىي ھادىسىگە ئايلاندۇرۇۋې-
لىنسا، شۇنداقلا ياخشى - يامىنىنى پەرقلەندۈرمەيلا ئومۇرۋايەت جارى قىلدۇرۇلسا،

ئۇ چاغدا مىللىي ئەنئەنە تەرەققىياتقا، گۈللىنىشكە، ئىسلاھات ۋە يېڭىلاشقا پۇت-
كاشاڭ بولىدىغان توسالغۇغا ئايلىنىپ قالىدۇ. قەدىمكىدىن تارتىپ بىزنىڭ زاما-
نىمىزغىچە ساقلانغان ھەر قانداق مىللىي ئەنئەنىدە تارىخنىڭ ئىزى بار، ئۇ،
ئەينى دەۋرنىڭ ئىدىيىسى ۋە روھى ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن خالى ئەمەس.
ئەگەر ئۇنىڭغا زامانىۋىلىشىش نۇقتىسى تەرەققىيات ئېھتىياجىدىن قارايدىغان بول-
ساق، ئۇنىڭدا ساقلاپ قىلىش، قەدىرلەش ۋە قەتئىي قوغداشقا تېگىشلىك نۇرغۇن
ئامىللاردىن باشقا ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىلاشقا تېگىشلىك يەنە نۇر-
غۇن ئامىللارنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرىمىز. ئۇلۇغ ئەدىب لۇشۈن ئەپەندى: «يېڭىلاش
قولىدىن كەلمەيدىغان ئىنسانلارنىڭ ئاسارە ئەتىقىلەرنى ساقلاشمۇ قولىدىن كەل-
مەيدۇ» ① دېگەن ئىدى).

شۇنداق ئەھۋاللارمۇ باركى، بەزىلەر نۇقۇل ھالدا مىللىي ئەنئەنىنىلا تەكىت-
لەپ، ئۇنىڭغا قارىغۇلارچە چوقۇنىدۇ، بەدىئىي زوقىنىڭ ئەنئەنىۋى تەسىرى كۈچىنى
ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىدۇ، نەتىجىدە ئۆزىنى-ئۆزى قامال قىلىپ بىر چەمبەر
دائىرىسىدىلا چۆگىلەيدۇ، ئۇلار يېڭىلىقنى قوبۇل قىلالمايلا قالماستىن، بەلكى
بۇرۇن باشقىلاردىن قوبۇل قىلغانلىرىنىمۇ بىر ئامال قىلىپ چىقىرىۋەتمەكچى بولىدۇ،
ئەگەر ھەقىقەتەن مۇشۇنداق قىلىنىدىغان بولسا، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىز
كونا ئەنئەنىۋى رىتىم ۋە بىرلا خىل رامكا ئىچىدىلا تەكرارلىنىدۇ خالاس.

ھەممىگە ئايانكى، ئازادلىقتىن كېيىنكى ئوتتۇز نەچچە يىل داۋامىدا، پارتى-
يىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى نە-
تىجىسىدە ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىز ھەر خىل جاپا مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ
(تۈرلۈك ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىش ئارقىلىق) ئاجايىپ زور مۇۋاپپەقىيەت-
لەرنى قولغا كەلتۈردى، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنى
بارچە گۈللەرنىڭ تەڭ ئېچىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزدىكى توسالغۇلارنى يىمىرىپ
تاشلىدى. لېكىن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بۈگۈنكى بەدىئىي زوقلىنىش ئېھتىياجى
ۋە ئىسلاھاتنىڭ ئومۇمىي تەلىپىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىزنى
يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن تولۇق ماسلىشىپ كەتتى دېگىلى بولمايدۇ، ئۇ،
مەيلى نەزەرىيە جەھەتتە بولسۇن مەيلى ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتە بولسۇن، كونا
ئەنئەنىۋى قاراشنىڭ تەسىرىدىن تېخى تولۇق قۇتۇلۇپ كەتكىنى يوق. ھازىرقى
بەزى يېڭىلىقلارمۇ ھەر خىل پاسسىپ ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ توسالغۇسىنى جاسا-
رەت بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ، دادىل قەدەم تاشلىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى.

ھازىر شىنجاڭ خەلقى جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتى ئىچىدە كونا پاسسىپ ئەن-

---

① «ئۇشتۇمتۇت ئېسىمگە كەلگەنلىرى» (6) «لۇشۈن ئەسەرلىرى» 3-توم خەنزۇچە نەشرى، 35-بەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ رامكىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭىلىق ياراتقۇچىلار، ئىجات قىلغۇچىلار، ئىسلاھ قىلغۇچىلار بارغانسىرى كۆپەيمەكتە. بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە — كونا ئەنئەنىۋى ئادەت ۋە بەدىئىي زوقنىڭ ئەنئەنىۋى تەسىرى ئالدىدا ھەددىدىن زىيادە ئىتائەتمەن بولۇپ كېتىش لازىممۇ، ياكى يېڭىلاش، ئىسلاھ قىلىش يولىدا جاسارەت بىلەن دادىل قەدەم تاشلاش لازىممۇ دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دولقۇنسىمان يۇقىرى ئاۋازلىق مەشھۇر ناخشىچى دىلبەر يۇنۇس مىللىي ئاھاڭدىكى ناخشىلارنى كوڭۇل قويۇپ ئېيتقاندىن باشقا چەت ئەل ناخشىلىرىنىمۇ ئىنتايىن ياخشى ئېيتىپ ئالاھىدە مۇۋاپىقىيەت قازاندى. لېكىن دەسلەپتە، بەدىئىي زوقنىڭ ئەنئەنىۋى تەسىرىگە قارغۇلارچە چوقۇنىدىغان ئايرىم كىشىلەر دىلبەرنىڭ ناخشىلىرىدا «مىللىي پۇراق يوق»، «ياۋروپالىشىپ كېتىپتۇ» دەپ ئەيىپلەشكەن ئىدى. ئەمما ئۇ، قىلچە پىسەنت قىلماي، يېڭى بەدىئىي زوقنى باشلامچىلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، جاپالىق مەشىق قىلىش، دادىل ئۆگىنىش ئارقىلىق خەلقئارا سەھنىدە «شەرق بۇلبۇلى» دېگەن يۈكسەك نامغا ئېرىشىپ، جۇڭگو خەلقىگە، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىگە زور شان - شەرەپ كەلتۈردى. ئۇ، بەدىئىي زوقنىڭ كونا ئەنئەنىۋى تەسىر كۈچىنى يېڭى بەدىئىي زوققا ئۆزگەرتىشتە دادىل قەدەم تاشلىدى.

ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىزكى، بۈگۈنكى دۇنيا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلماقتا، ھەر قايسى دۆلەتلەر ئۆز ئارا بەسلىشىپ ئالغا باسماقتا، دۆلىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرمۇ ئۆز ئارا بەسبەستە ئالغا باسماقتا، ئەگەر ئالغا باسماي ئارقىدا قالىدىكەن، لېنىن ئېيتقان «ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىك» نى تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

بۈگۈنكى دەۋر بىزدىن، يالغۇز سودا - سانائەت، يېزا ئىگىلىك، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە پەن - تېخنىكا جەھەتتىلا زامانىۋىلىشىپ قالماي، مەنىۋى مەدەنىيەتتە (جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەت) ۋە تۇرمۇش ئۇسلۇبىدىمۇ زامانىۋىلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئوبيېكتىپ شارائىت ۋە ئېھتىياج تەبىئىي ھالدا كىشىلەرنىڭ بەدىئىي زوقلىنىش پائالىيەتلىرىنىمۇ زامانىۋىلىشىشقا يېتەكلەيدۇ.

مىللىي ئادەت ۋە ئەنئەنىلەر ئىچىدىكى ئاكتىپ، ئىلغار ۋە قىممەتلىك تەرەپلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى گۈللىنىش ھەم تەرەققىياتنىڭ ھۇلى ۋە ئەينىكى قىلىشقا بولىدىكى، ئۇنىڭغا قارغۇلارچە ئېسىلىۋېلىشقا، ئۆلۈك ھالدا مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ، تارىختىن قالغان نەرسە بولۇپ، ئۆتمۈشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ ھەم ئۆتمۈشنىلا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ، ئۇنىڭ خەلقىمىزنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان بۈگۈنكى بەدىئىي زوقلىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئاللىقاچان بارلىققا كەلگەن كونا مىللىي ئەنئەنە بىلەنلا قانائەتلىنىش ماركس ئېيتقان: «ئىپتىدائىي مولچىلىق» بىلەن قانائەتلىنىشتۇر.

بۇ ئەمەلىيەتتە قاتماللىقنىڭ، قالاقلىقنىڭ ئىپادىسى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئەۋج ئېلىپ كەتسە تارىخنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي ئەنئەنە ۋە ئادەتلەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنى تەتقىق قىلىشقا، يېڭىلاشقا، ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆزىمىزگە پايدىلىق بولغان يېڭىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بەزىلەر باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلىشنى، ئۆز مىللىتىنى قالاق دەپ قارىغانلىق ۋە بۇ قالاقلىقنى ئېتىراپ قىلغانلىق دەپ قارايدۇ، بۇ ئىنتايىن تار دائىرىلىك ۋە بىر تەرەپلىمىلىك قاراش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۆز مىللىتىنى كەمسىتىش ھېسسىياتىنىڭ ئىنكاسى. ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، باشقىلاردىن ئۈلگە ئالغانلىق — ماركسىزمچە قاراش بولۇپ، دەل ئۆز مىللىتىگە ئىشەنچ قىلغانلىقتىن ئۆز مىللىتىنىڭ ئەقىل-پاراستىنىڭ يۈكسەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

مېنىڭچە ھەر قانداق مىللەت ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىدىن پەخىرلەنگەن چېغىدا، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ راۋاجلىنىدىغانلىقىنى تولۇق نەزەردە تۇتۇشى، ئۇنى تەھلىل-تەتقىق قىلىشى، يېڭىلاش، ئىسلاھ قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۆز مىللىي ئەنئەنىسىنىڭ شان-شۆھرىتىدىن قانائەتلىنىپ بىر ئىزىدا توختاپ قالماسلىقى، بولۇپمۇ بەدىئىي زوقنىڭ ئەنئەنىۋى تەسىرى كۆچىگە قارىغۇلارچە ئىتائەت قىلىۋەرمەسلىكى، بەلكى تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىشى لازىم.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش سىياسىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى بىر تەرەپتىن باشقىلارنىڭ ئىلغار تېخنىكا ۋە يېڭى مەھسۇلاتلىرىنى كىرگۈزۈش، يەنە بىر تەرەپتىن، «ئىچكى رايونلارنىڭ بازىرىغا بۆسۈپ كىرىش»، «خەلقئارا بازارغا بۆسۈپ چىقىش» قاتارلىق يېڭى شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدى). مانا بۇ، ئەنئەنىۋى تەبىئىي ئىگىلىك رامكىسىنى بۇزۇپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلغانلىق.

مېنىڭچە، ئەدەبىيات-سەنئەت دائىرىسىدىمۇ ئەنە شۇنداق جاسارەتنى تەشەببۇس قىلىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى. بىز باشقا دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدىن بەدىئىي زوق ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز ئەسەرلىرىمىزنىڭ يالغۇز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىشى بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، بەلكى ئۇلارنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ھەتتا دۇنيا خەلقىنىڭ بەدىئىي زوق ئېلىشىغا ۋە باھالىشىغا سۇنۇشىمىز لازىم.

# ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئېستېتىك تەربىيە توغرىسىدا

مەرزىگۈل خۇدابەردى

I

ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بەدىئىي تەپەككۇر قۇۋۋىتىنىڭ چوڭقۇر، ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ كۈچلۈك، ئەكس ئەتتۈرگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش رېياللىقىنىڭ موللۇقى بىلەنلا ئۆزىگە خاسلىققا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى ئېستېتىك تەربىيەگە دائىر تەسىر كۈچىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەنمۇ ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. بىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي شەكىللىرىدىن تاكى ھازىرقى زامان يازما ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا قەدەر بولغان ئارىلىقنى كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە (ئىسلامىيەت تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ) كىشىلەرنى راستچىل، مەرت، ئادىل، توغرا نىيەت ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشقا ئۈندەيدىغان دىداكتىكىلىق تەلىم - تەربىيە ۋە ئۇلار بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان ئېستېتىك تەربىيىنىڭمۇ خېلى موللۇقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بۇ يەردە ئېيتىلغان ئېستېتىك تەربىيە ھازىرقى زامان ئېستېتىكىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولۇپ، ئۇ «گۈزەللىك تەربىيىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى روھىي ساغلاملىققا ئېرىشىش جەريانى ۋە بۇ جەرياندا ئىگە بولغان ئاخىرقى نەتىجە ياكى ئۇنۇمى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئەكس ئەتكەن ئېستېتىك تەربىيە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا مۇھىم بىر تەرەپ بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەقتە ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش بىزنىڭ ئىشلىرىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان ئالاھىدە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

بىز سۆزلىمەكچى بولغان ئېستېتىك تەربىيە، نامىغا قاراپلا ئېيتقاندا ئادەتتىكى مائارىپ تەربىيىسى بولماي، بەلكى گۈزەللىك تۇيغۇسى ئاساسىغا قۇرۇلغان، گۈزەللىك تۇيغۇسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋە شۇ گۈزەللىكنىڭ تەسىرى بىلەنلا تەربىيىۋىي ئۈنۈمگە ئېرىشىدىغان ھېسسىيات ھەركىتىدىن ئىبارەت.

ئېستېتىكا - ھاياتلىقتىكى پۈتكۈل گۈزەللىك، گۈزەل ھادىسىلەر ھەققىدىكى ئىلىم، ئۇ مەلۇم نۇقتىدىن ئالغاندا سەنئەت پەلسەپىسى، شۇنىڭدەك سەنئەت تارىخي

تەرەققىياتى جەريانىدا يەكۈنلەنگەن ئىلمىي نەزەرىيەۋى ئاساس. ئەستېتىك تەربى-
يىمۇ بىزنى نەزەرىيەۋى جەھەتتىن يېتىلدۈرىدىغان ئىلىم. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقان-
دا يالغۇز ياش - ئۆسمۈرلەرلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرى، ھەتتا
پۈتكۈل بىر دەۋرمۇ رېئال ھەم غايىۋى جەھەتتە ئەستېتىك تەربىيىسىگە مۇھتاج.

كونكرېت ئېيتقاندا، ھەر قانداق ئادەمدە گۈزەللىك سەزگۈسى ۋە گۈزەل-
لىك ھەققىدە ئويلىنىش بولىدۇ. بۇ خىل سەزگۈ ۋە ئويلىنىش كىشىلەرنى چىن-
لىق - ساختىلىق، ياخشى - يامانلىق، گۈزەللىك ۋە خۇنۈكلۈكتەك بىر قاتار ھادى-
سىلەرنى ئەستېتىك تەربىيە يېتەكچىلىكىدە توغرا تونۇپ، تۇرمۇش گۈزەللىكىنى چۈ-
شىنىپ، ئۇلارنى ھاياتنىڭ تولۇپ - تاشقان قايناق كەيپىياتى ئىچىگە بېرىشقا رىغ-
بەتلەندۈرىدۇ. ئىنسانىيەت پەقەت ئەستېتىك تەربىيە يېتەكچىلىكىدە خاتالىق خۇ-
نۈكلۈكتىن تەدرىجى ساقلىنىپ، ھەقىقەتنى تېپىش، ئۇنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنىڭ-
دىن ھۇزۇرلىنىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدۇ، ھەمدە ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى
بېيىتىپ، ئىجاتچانلىقىنى يېتىلدۈرىدۇ. دېمەك، ئەستېتىك تەربىيىنى ئومۇملاشتۇرۇش -
كىشىلەردە گۈزەل قەلب يېتىشتۈرۈش، جەمئىيەتتە دەۋرنىڭ ئىجابى كەيپىياتىنى
شەكىللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا زۆرۈر.

ئەستېتىك تەربىيىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى - ئۇ پۈتۈن جەم-
ئىيەت ئەزالىرىغا ئورتاق بولغان كوممۇنىستىك سىياسىي ئەخلاق قارىشىنى تەربى-
يىلەش، بولۇپمۇ ياشلارنى ۋە ياش ئۆسمۈرلەرنى توغرا دۇنيا قاراشقا، ئەتراپلىق
بىلىم، ياخشى پەزىلەتكە ئىگە قىلىپ، ئۇلاردا پىكىر قىلىش، ھۇزۇرلىنىش قابىلى-
يىتىنى ئاشۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تەربىيە ھېساپلىنىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بەخت، ساغلاملىق، بايلىق، ھوقۇق قاتارلىقلارغا ئېرىشىپ،
ئەكسىچە چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك ئىزلىنىشلىرىنى يوقاتقان بولسا، ئۇنداقتا
ئۇ ھامان بىر كۈنى چۈشكۈنلىشىدۇ.

## II

شېئىر ئەرەپلەرنىڭ «شۇئۇر» سۆزىدىن ئېلىنغان بولۇپ «گۈزەل سېزىم»،
«گۈزەل تۇيغۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي ھاياتنى باي تەسەۋۋۇر،
ھەم كۈچلۈك لىرىك ھېسسىيات ياردىمى بىلەن ئەڭ ئىخچام، ئەڭ مەركەزلىك ھال-
دا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىر خىل تەبىئى شەكىلدۇر.

ئىنسانىيەتتە تىلنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن يەنە ئەمگەكنىڭ ھەر خىل ئالا-
ھىدىلىكلىرىگە ماسلاشقان ھالدا بىر خىل رېتىملىق ئاۋاز شەكىللەنگەن. بۇ شېئىر-
نىڭ مەنبەئى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىلەن تەدرىجى ھالدا بۇ خىل رىتىملىق ئاۋازلار بەلگىلىك مەنىگە ئىگە بولغان ۋە بۇ ئارقىلىق ئەمگەك قوشاقلىرى مەيدانغا كەلگەن.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئىنتايىن ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇنىڭ دەسلەپكى ئۈلگىلىرى، ئىپتىدائىي جامائەت تۈزۈمى شارائىتىدا مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭدىكى ئەمگەك قوشاقلىرى خېلى سالماقنى ئىگەللەيدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق بىر قىسىم نەمۇنىلىرىنى بىزگە يەتكۈزۈپ كەلگەن يادىكارلىق ئاتاغلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەخمۇت قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»دىن ئىبارەت. بىز ئۇنىڭدىن بەزى قىسىملىرىنىڭ نەمۇنىلەرنى كۆرىمىز.

يىگىتلەرىگ ئىشلەتۈ،
يىغاچ يەمىش ئىرغاتۇ،
قۇلان - كىيىك ئۇۋلاتۇ،
بادرام قىلىپ ئۇۋنالىم.

مەزمۇنى: (يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ، دەرەختىن مىۋىلەر ئىرغىتىپ، قۇلان كىيىك ئۇۋلۇتۇپ، بايرام قىلىپ كۆڭۈل ئاچايلى).

چاغرى بېرىپ قۇشلاتۇ،
تايغان ئىزىپ ئىشلەتۈ.
تۈلكە، تۇڭگۇز تىشلەتۈ،
ئەردەم بىلەن ئوكلەلىم.

(مەنىسى: لاچىن بېرىپ قۇشلىشىپ، تايغانلارنى ئىز قوغلىشىپ. چىشلىشىپ، تۈلكە ۋە چوشقىلارنى تاش بىلەن ئۇرۇپ، پەزىلىتىمىز بىلەن ماختىنايلى.) بۇ قوشاقلاردىن بىز ئەمگەك قوشاقلىرىنىڭ توغرىدىن - توغرا ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا پەيدا بولغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ئەمگەك شارائىتى، ئارزۇ - ئارمانلىرى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

ئەمگەك قوشاقلىرى، كىشىلەرنىڭ ئەمگەك رىتىمىغا ماسلاشقان بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈش، ھارغىنلىقنى يېنىكلەشتۈرۈش، ئىش سۈرئىتىنى ۋە ئەمگەك ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە چوڭ رول ئويناپ كەلدى. مەملىكىتىمىزدە خەنزۇ خەلقىنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى ھېسابلانغان «شېئىرنامە»دىمۇ ئەمگەك قوشاقلىرى ئالاھىدە ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. شېئىرىيەتنىڭ بۇ دەسلەپكى نەمۇنىلىرى يۇقىرىقىدەك نەتىجە ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشتىن سىرت

ناخشا قىلىپ ئېيتىشىمۇ ماسلاشالايتتى، روشەن ۋەزىنلىك ۋە ئاھاڭدارلىققا ئىگە بولاتتى. شۇڭا رىتىملىق سۆزلەردىن كۆي تەرەققىي قىلغان. كۆي بىلەن شېئىر بىر گەۋدە بولۇپ قوشۇلۇپ كەتكەن دېيىش مۇمكىن. بۇ يەردە شۇنىسى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قوشاقلار ئەمگەك ھەركىتىگە ماسلاشقانلىقتىن، تەدرىجى ھالدا باشلانغۇچ ئۇسۇل سەنئىتى بارلىققا كەلگەن. شېئىر - سەنئەتنىڭ بارلىق شەكىللىرى بىلەن ئورگانىك ھالدا چەمبەرچەس باغلانغان. ئۇنىڭ تەرەققىياتىمۇ ھەر خىل سەنئەت شەكىللىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

سىنىپسىز جەمئىيەتتە ئەمگەككە روھى جان كىرگۈزۈش مەقسىتىدە ئەمگەك قوشاقلىرى ئىجات قىلىنغان بولسا، سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئەمگەك قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنىمۇ كېڭەيدى، ھەر خىل تېمىدىكى بېيىت ۋە قوشاقلار پەيدا بولدى. خەلق ئاممىسى «ئوغۇزنامە» «چاستانى ئىلىگ بەگ» «دەدە قورقۇت» «ئەرگىنە قۇن» «گۆر ئوغلى»غا ئوخشاش چوڭ تىپتىكى داستان ۋە قىسسەلەرنى توقۇپ چىقاردى. نەتىجىدە قوشاقلاردىن خىلمۇ - خىل لىرىك شېئىرلار، لىرىك شېئىرلاردىن ئەدەبىي نەسرى ئەسەرلەر، ھېكايە - رومانلار، ئېيتىشلاردىن دراما ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانى خەلقىمىزنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى نەچچە مىڭ يىللىق كۈرەش تەجرىبىلىرىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتى مىللىي شەكىللەرگە باي بولۇپ، ئىككى مىسرالىق كۇبلېتلاردىن تۈزۈلگەن مەسنەۋى شەكلىدىكى شېئىرلار ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى زېمىنىدا ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆسۈپ راۋاجلانغان شېئىر شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ دەسلەپكى نەمۇنىلىرىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بېرىلگەن ئەدەبىي پارچىلار ئارىسىدا ئۇچرىتىمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى، ئەلشىر ناۋايىنىڭ «خەمسە» داستانىمۇ ئەنە شۇ مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان. ئۇ ھازىرقى شېئىرىيىتىمىزدىمۇ كەڭ تۈردە جارى قىلىنماقتا. غەزەل شەكلىدىكى بېيىتلىق شېئىرلار جۈپ مىسرالىرى قاپىيەلىشىپ، تاق مىسرالىرى قاپىيەسىز بولىدىغان يەنە بىر خىل شېئىر شەكلىدۇر.

دېمەك، بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىز يۇقىرىقىدەك تەرەققىيات جەريانلىرىدا ئۆزىدىكى كۈچلۈك ھېسسىيات ۋە ئاھاڭدارلىقى بىلەن كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، ئۇلارنىڭ دىل تارلىرىنى تىترەتكۈچى ئاجايىپ گۈزەللىكنى ياراتتى، بۇ ھالەت دەل ئىستېتىك تەربىيەنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى بولغان شېئىرىيەت تەربىيىسىگە ئاساس بولدى. بىز تۇرمۇشتا دائىم مۇنداق ماختاشلارنى ئاڭلاپ تۇرىمىز: «ئاۋۇ قىز ئەجەپ چىرايلىق، خۇددى گۈلگە ئوخشايدىكەن، ئاۋۇ گۈل ئەجەپ گۈزەل،

گويا شېئىرغا ئوخشايدىكەن» شۇنىڭدەك يەنە بەزى ھېسسىياتلىق سۆزلىگەن كىشىلەرنى، پاھ! شېئىر ئوقۇغاندەك سۆزلىدىڭ، دېيىشلەرمۇ ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، ۋەھاكازالار. مانا بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شېئىر كىشىنىڭ يۈرەك باغرىنى تىترىتىپ، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىدا چايقىلىش - داۋالغۇشلار پەيدا قىلىدۇ - دە، ھېسسىيات تەربىيىسى مەيدانىغا كېلىدۇ. ئېستېتىك تەربىيىمۇ ئاساسەن ھېسسىيات تەربىيىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھېسسىيات تەربىيىسى ئەخلاق ۋە ئەقلىي تەربىيىلەردىن باشقىچەرەك بولغان ئالاھىدە تەربىيە. بولۇپمۇ تىل سەنئىتىنىڭ ئەڭ ئىخچام تۈرى ھېسابلىنىدىغان شېئىرىيەتتە بۇ خىل تەربىيە سەنئەتنىڭ باشقا تۈر ۋە ژانىرلاردىن پەرقلىق ھالدا ئالاھىدە شەكىللەر بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. شېئىرىيەتتىكى ئېستېتىك تەربىيە گۈزەل سەنئەت ۋە رەسساملىق ئەسەرلىرىگە ئوخشاش كۆرۈش پائالىيىتى بىلەن ئەمەس، مۇزىكا ئەسەرلىرىگە ئوخشاش نۇقۇل ئاڭلاش پائالىيىتى ئارقىلىقمۇ ئەمەس، بەلكى كۆرۈش ۋە ئاڭلاشتىن ئىبارەت ئىككى خىل پىسخىك پائالىيەت ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ خىل كۆرۈش ۋە ئاڭلاش پائالىيىتى دراما ۋە كىنو سىنارىيىسى ئەسەرلىرىدەك بىۋاستە بولمىسىمۇ، لېكىن شېئىر مىسرالىرىنى كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىيالايدۇ. بىۋاستە كۆرەلەيدۇ. بۇ جەرياندا ئوخشۇتۇشلىرى جايىدا، ئوبرازلىرى كونكرېت، جانلىق، ھېسسىياتى چىن ۋە ساغلام، ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك شېئىرلارنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغىنىمىزدا ھېسسىياتىمىزدا ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر كېلىپ چىقىدۇ. بۇ خىل شېئىرلار كىشىلەرنىڭ ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ نازۇك ئىچكى دۇنياسىغا، ئىنسانلىق ھەۋىسىگە تەسىر قىلىپ، ئۇلاردا پاكى سۆيۈنۈش، ئىلھاملىنىش، ئاپىرىن، قايىللىق ھېسسىياتلىرىنى، شېئىردا تەسۋىرلەنگەن ئوبيېكتىپقا قارىتا مۇھەببەت سۆيگۈ تۇيغۇلىرىنى ئويغىتىدۇ - دە، جەمئىيەتنى تۈزەش، جەمئىيەتنى گۈللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ ۋە ياكى ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىش، سەسكىنىش، يىرگىنىش ھېسسىياتى قوزغاپ، ئۇنى ئەيىپلەيدۇ. پاش قىلىدۇ. شېئىرى ئەسەرلەرنى كۆرگەندىن كېيىن كىشىلەر قەلبىدە پەيدا بولغان يۇقىرىقىدەك ئوخشاش بولمىغان روھى ھالەت، ئەلۋەتتە ئېستېتىك سەزگۈ نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن ئېستېتىك تەسىرلىنىش ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ئۇ ئابستراكىت سىياسىي، ئەخلاقىي تەربىيىلەردىن ۋە ئۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىۋېرسال مائارىپ تەربىيىسىدىن پەرق قىلىدۇ. گەرچە مائارىپ تەربىيىسى ئۇنىۋېرسال تەربىيە ھېسابلىنىپ، ئۇ ئېستېتىك تەربىيە بىلەن ئۆز ئارا بىر-بىرىنى تولۇقلىسىمۇ، لېكىن بىر - بىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ روھى دۇنياسىغا، نازۇك ئىچكى ھېس - تۇيغۇلىرىغا تەسىر قىلىشى ئېستېتىك تەربىيىدەك بىۋاستە ھەم تېز سۈرئەتلىك بولۇشى ناتايىن.

ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىن: «ئادەمنىڭ ھېسسىياتى بولمىغان بولسا، كىشىلەرنىڭ

ھەقىقەتنى ئىزلىشى ئەزەلدىن بولمىغان ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن بولمىغان بولاتتى» ① دەيدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان ھېسسىيات كىشىلەرنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى، ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىلەرگە بولغان پوزىتسىيىسى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەچكە ئۇ ھاياتلىقتا زور تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا ھېسسىيات تەربىيىسى - كىشىلەردىكى ناچار ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ، ئالىجاناپلىقنى ئىنتىلدۇرىدۇ. بۇ يەردىكى ھېسسىيات تەربىيىسىگە ئوخشاشلا شېئىردىكى كۈچلۈك ھېسسىياتمۇ شېئىرىيەت تەربىيىسى ھېسابلىنىدۇ.

شېئىرىيەت تەربىيىسى - شېئىرى تۇيغۇ، شېئىرى گۈزەللىكنىڭ جەۋھىرى ۋە يۈكسەكلىككە كۆتىرىلىشى، شېئىر ئۆزىدىكى خىيال كۈچى ھەم ئۇرغۇپ تۇرغان ھېسسىيات قاتارلىق گۈزەللىك ئېلېمېنتلىرى بىلەن تۇرمۇشتىكى ئالى مەنىۋى ھالەت، يۈكسەك غايىۋى مۇھىتنى ئىپادىلەپ، كىشىگە تۇرمۇش تەسىراتلىرى ئاساسىدا گۈزەللىك - سەتلىك، ئالىجاناپلىق - پەسكەشلىك، تىراگىدىيىلىك - كومىدىيىلىك ۋە چىنلىق - ساختىلىق، ياخشى - يامانلىق ھالەتلىرىنى دەرھال تونۇتۇپ، كىشىلەرنى، جۈملىدىن ياشلارنى تەربىيىلەش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

قار لەپىلدىدى،
شەپكەمگە
مۇرەمگە،
ئۇچقۇنى چۈشەر.
پىشانەمگە،
كىرپىگىمگە
يۈزۈمگە.
لېكىن،
ھارارىتىمدىن ئايلىنار شەبنەمگە،
شۇ شەبنەم تەپتىدىن
مەنمۇ ئېرىپ
بىر سۈزۈك تامچە بولدۇم،
ئاخىرى بىر كۈنى
سىڭىپ كېتەرمەن زېمىنگە!
(بۇغدا ئابدۇللا)

بۇ شېئىردا شائىر قار يېغىۋاتقانلىقتىن ئىبارەت ئادەتتىكى تەبىئەت كۆرۈنۈشىنى خىيال كۈچى ۋە ئوتلۇق ھېسسىيات بىلەن چېتىپ، ئادەم ھامان ئۆلىدۇ.

① «لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 20 - توم، 255- بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

هامان تۇپراقتا كۆمۈلۈپ تۈگەيدۇ دېگەن چىن ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ چىنلىقنى ھېس قىلغان ھەر بىر كىتابخان تەبىئىي ھالدا ئۆز - ئۆزىگە:

مەنمۇ هامان ئۆلىمەن، بۇ چەكلىك ئۆمرۈمدە زادى نېمە قىلالىدىم ياكى نېمە قىلماقچى دېگەن سوئالنى قويىدۇ. مانا بۇ شېئرىيەت تەربىيىسى ھەم ئىستېتىك تەربىيە.

يەنە بىر مىسال:

چاشقان شۇنداق دەيدىكەن...
ھەسسەم بارغۇ، ھەسسەم بار،
دېڭىزدىمۇ ھەسسەم بار.
يەتكەن ئاتا ئايىقىم،
دولقۇنلاتقان مايىقىم.
(بۇغدا ئابدۇللا)

ئاردا شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار ئايىقى تەككەنلا يەردە ھەسسەم بار دەپ ماختىنىدۇ ۋە ئەقلىگە سىغمايدىغان دەرىجىدە لاپ ئۇرىدۇ. بۇ يەردە شائىر ئۆتكۈر مەسخىرە ئارقىلىق، تۇرمۇشنىڭ خۇنۇك جايلىرىنى كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشقا دالالەت قىلىدۇ.

شېئرىيەت تەربىيىسى كىشىلەرنى مەنىۋى جەھەتتە يۇقىرى كۆتىرىپ ئۇلاردا سەمىمىي، ئىرادىلىك بولۇشتەك گۈزەل ئەخلاق يېتىلدۈرىدۇ. شېئرىيەت تەربىيىسىنىڭ تۈپ ئامىلى شېئىردىكى گۈزەللىك، چۈنكى شېئىردا ئادەمنىڭ گۈزەل روھىي دۇنياسى، ھېسسىياتى، ئىدىيىسى، تىلى، ئىجادىيىتى، سىرتقى كۆرۈنۈشى، قىسقىسى بارلىق ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ گۈزەللىكى تەسۋىرلەنگەنلىكتە، كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى قوزغايدۇ. ھەمدە ئۇلارنىڭ گۈزەللىكتىن بەھرىمان بولۇش، گۈزەللىك تەربىيىسىگە ئېرىشىشى، شۇ نۇقتىدا شېئرىيەت تەربىيىسىگە ئىگە بولۇش تەلىۋى قاندۇرىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە شېئىردا چىنلىق، راست گەپ بولۇشى شەرت. يەنى «5 - ئاپرېل ھەرىكىتى»دىكى تيەنئەنمېن شېئىرلىرىدا خەلق ئاممىسىنىڭ يۈرەك سۆزلىرى، چىن ھەقىقەت ئېيتىلغاچقا، ئۇ مەملىكىتىمىزدە شۇ قەدەر زور تەسىر قوزغاپ، بىر ئۇچۇم كىشىلەرنى ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە سېلىپ، شېئىرنىڭ كۈچىنى راسا تونۇتۇپ قويىدى.

بىزنىڭ شېئرىيىتىمىز ئۇزۇن يىللىق تەرەققىيات نەتىجىسىدە خېلى مۇكەممەللەشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ تەلىم - تەربىيە، سىياسىي ئىدىيە ۋە كىشىلىك ئەخلاقىي جەھەتلەردىمۇ رولى زور.

قىسقىسى، سەنئەت، جۈملىدىن شېئرىيەتنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرگە ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئەينەن ماھىيىتىنى، ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى روشەن تونۇتۇش

ۋە كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. شۇڭا كىشىلەرنىڭ روھى دۇنياسىغا ھېسسىياتىغا تەسىر قىلىدىغان شېئىرلار قانداقتۇر كىشىلەرنى ئۆگۈنچىلىككە ئۈندەيدىغان پەندى نەسىھەت بولماي، بەلكى ئوقۇغان ھامان كىشى قەلبىنى ھاياجانغا، لەرزىگە سالىدىغان، قەلبىگە چىراق يېقىپ، نۇر چاقنىتالايدىغان ھېسسىيات ئۈنچىلىرىدىن ئىبارەت. بۇ دېگەنلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرى يەكۈنلەنگەن چوڭقۇر پەلسەپىۋى داۋلەلارنى، كىشىلەرنى چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىككە ئۈندەيدىغان ئەخلاقى تەرەپلەرنى چەتكە قاققانلىق ئەمەس، شېئىرىيەتتە بۇنىڭمۇ تېگىشلىك ئورنى بار. ئىستېتىك تەسىر قىلىش نۇقتىسىدىن ئالغاندا پەلسەپىۋى قائىدىلەر، دىداكتىكلار كىشىلەر قەلبىدە ئۇنچە تېز ھەم بىۋاستە ئەكس تەسىر قوزغىيالمايدۇ، پەقەت قىزغىن، جۇشقۇن قەلب لىرىكىلىرىلا كىشىلەرنى ئەخلاق بىلەن تەربىيىلەش، ھېسسىيات بىلەن ئەسىرالاندۇرۇش، ئوبراز ئارقىلىق يېتەكلەش، گۈزەللىك ئارقىلىق ھاياجانلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئېستېتىك تەربىيىنىڭ ئۈنۈمىگە ئېرىشەلەيدۇ. مەسىلەن: قۇربان باراتىنىڭ «كېسىلگەن توغراق» دېگەن شېئىرىدا، ئوتتۇنغا قوشۇپ كېسىپ كېلىنگەن بىر تۈپ توغراقنىڭ قەھرىتان سوغ، جۇدۇناۋۇق بوران، تومۇز ئاپتاپلاردا يېتىپمۇ قۇرۇپ قاخشال بولۇپ تۈگىمەي، يەنىلا يۇمران نوتىلار چىقارغان ھالىتىنى قايناق قەلب لىرىكىسى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، كىشى ھېسسىياتىدا دەبدەبىلىك داۋالغۇش، ئۆلمەس، قەيسەر ھاياتى كۈچكە چەكسىز ئاپىرىن ئويغۇتىدۇ. بىرەر تۈپ توغراقنىڭ كېسىلىشى تۇرمۇشىمىزدىكى ئادەتتىكى بىر ئىش، لېكىن شائىر قەلىمى ئاستىدا ئۇ مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

ئۇنىڭ بۇ ئاجايىپ گۈللەشلىرىدە،
ياردار جەڭچىنىڭ كۈلۈشلىرى بار.
ئۆلۈمى ئالدىدىن ئاخىرقى قېتىم،
قىلىچقا تايىنىپ يۈرۈشلىرى بار.
ئۇ گويا ھاۋادا ئوق يېگەن لاچىن،
بۇلۇتلار باغرىدا ياڭرىتار سادا.
ئۇ گويا زۇلمەتتە ئۆچكەن بىر يۇلتۇز،
نۇرلانغان ئاخىرقى مىنوتلىرىدا.

شۇ تاپتا كۆز ئالدىمىزدا كېسىلگەن بىر تۈپ توغراق ئەمەس، بەلكى ئاخىرقى نەپەسكىچە قىلىچىنى تاشلىماي تىرىشىۋاتقان قەھرىمان جەڭچىنى، تىز پۈكمەس، ئۇلۇغ ھايات ئېگىسىنى كۆرگەندەك بولىمىز.

دېمەك، شېئىرىيەت تەربىيىسىمۇ ئېستېتىك تەربىيىنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋى قىسمى بولۇپ، ئۆزىدىكى تىترەپ تۇرغان ھېسسىيات، مول تەلىم - تەربىيە كۈچى

بىلەن خەلق ئاممىسىنى، ياشلارنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنى چىن ھەقىقەتكە ئىنتىلىشكە، تۇرمۇشنى يەنىمۇ گۈزەللەشتۈرۈشكە ئۈندەپ كەلمەكتە.

## III

شېئىر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەڭ مەركەزلىك، ئەڭ ئىخچام ئەكس ئەتتۈرىدىغان كۈچلۈك لىرىكچانلىققا ئىگە بىر خىل ئەدەبىي ژانىر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئىستېتىك تەربىيە ئەجدادلىرىمىز گۈزەل ئەخلاقى - پەزىلىتى، تۇرمۇش ئادەتلىرى، پەلسەپۋى ئىدىيىسى، گۈزەللىككە ئىنتىلىشى ۋە گۈزەللىك قارىشىنىڭ ئەڭ يارقىن نامايەندىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

قەدىمكى زامان ئەمگەك قوشاقلىرى، مۇھەببەت لىرىكىلىرى ۋە قەھرىمانلىق داستانلىرىنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، ئۇلارغا ياخشىلىق، چىنلىق، گۈزەللىك، مەرتلىك، سېخىلىق، ۋاپادارلىق كۆز قاراشلىرىنىڭ سىڭىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. بۇ ھال يالغۇز قەدىمكى شېئىرلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى كۆپ خىل شەكىللەردىمۇ ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. بىز بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرراق تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلغانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

شېئىرىيەتتە ئىپادىسىنى تاپقان ئىستېتىك تەربىيە مەزمۇنلىرىدىن بىرى ياش ئەۋلادلارنىڭ تەربىيىلىنىشى، جەمئىيەتكە ۋە ئىنسانىيەتكە بەخت - سائادەت كەلتۈرۈش يولىدا پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىپ، ناچار ئىللەتلەرگە قارشى ئىدىيىۋى ئاڭ ئۇيغۇتۇشقا مۇھىم رول ئوينايدۇ. دىداكتىك ئەسەرلەردىن باشقا يەنە بىر قىسىم ئىشقى كۈيلىرى، مۇھەببەت، ئاساسى تېما قىلىنغان داستان قىسسەلەردىمۇ گۈزەللىكنى سۆيۈش، كەلگۈسى گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىش، ھۈنەر - سەنئەتكە بولغان ھېرىسمەنلىك، ئەل - يۇرتنىڭ مەنپەئەتى يولىدىكى پىداكارلىق، ئۆز يارىغا بولغان ئەقىدە ۋاپادارلىق يۈزىسىدىن قەبىھ، ئەكسىيەتچى، زوراۋان كۈچلەر ئۈستىدىن باتۇرانە ئېلىشىش، ئۆز ئېلىنى، ئۆز تۇپرىقىنى قەدىرلەش، سەممى، راستچىل بولۇش، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز جېنىدىن ئەلا بىلىشتەك تەربىيىۋى ئامىللار ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىيەتتە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدىغان گۈزەللىك جۇملىسىدىندۇر.

بىزگە مەلۇمكى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى مۇئەييەن تەربىيىۋى رولغا ئىگە. ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ بۇنداق تەربىيىۋى رولى تۈپ مەنىدىن ئالغاندا ئىستېتىك تەسىر قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ، كونكرېت مەنىدىن ئېيتقاندا ھەر بىر كىشى ئۆزى ئوقۇغان مەلۇم ئەسەردىن مەلۇم ھېسسىيات تەربىيىسىگە ئىگە

بولالايدۇ. بۇ خىل تەربىيە ئاساسەن ئۇنىڭدا يارىتىلغان ئوبرازلاردىكى گۈزەللىك ئامىللىرىنىڭ ئاز - كۆپلىكى، گۈزەللىكنىڭ روشەن - روشەن ئەمەسلىكى بىلەن ئۆلچىنىشى كېرەك. چۈنكى گۈزەللىك يارىتىش - سەنئەتنىڭ ئاساسى ۋەزىپىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ تەربىيىۋى رولىنى شۇ ئۆزىدىكى گۈزەللىك ئارقىلىق ئاندىن جارى قىلدۇرالايدۇ. مۇشۇ جۈملىدىن ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى گۈزەللىككە ئائىت مەزمۇنلار ماھىيەتتە ھېسسىياتنى چېكىپ ئۆتكۈچى ئېستېتىك تەربىيىنىڭ ئاساسى ئامىللىرىدىن بىرى بولغان بولىدۇ.

ئېستېتىك تەربىيىنىڭ غولىنى تەشكىل قىلغۇچى سەنئەت تەربىيىسى ناھايىتى بۇرۇندىنلا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ئىدى. سەنئەتتە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتلىرى مۇئەييەن ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئېتىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، بۇ خىل بەدىئىي ئوبرازلار ئىنسانىنىڭ روھى قىياپىتىگە تەسىر قىلىپ، كىشىلەرگە ئالاھىدە بىر خىل ئېستېتىك روھ، ئېستېتىك سەزگۈ، ئېستېتىك تەربىيە بېغىشلايدۇ. شۇ ۋەجىدىن كىشىلەر گۈزەل خىسلەتلەردىن ئۆرنەك، يامان ئىللەتلەردىن ئىبرەت ئېلىپ، رېئال ئىجتىمائىي ھاياتتا چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك قانۇنىيەتلىرىگە ئەمەل قىلغان ئاساستا تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ.

يولداش ئەيچىڭ: «شېئىرىيەت توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە: «شېئىرلىرىمىزدىكى ھەقىقەتكە تايانغان كۈچ - قۇدرەت بىلەن چىرىك دۇنيانىڭ داشقاللىرىنى گۇمران قىلىشىمىز لازىم. بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىزدىكى ساغلام ۋە قۇياشقا ئوخشاش نۇرلۇق روھ ئاجىز، چۈشكۈن، ھالسىز ئاۋازلار بىلەن قارىمۇ - قارشى بولغاندىمۇ ئېستېتىكا جەھەتتىن غەلىبە قازىنىشىمىز مۇقەررەردۇر.» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان ئىدى. ئەيچىڭنىڭ يۇقىرىقى بىر ئابزاس سۆزىدىمۇ شېئىرىيەتتىكى ئېستېتىك تەربىيە كۈچ - قۇدرىتىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك ئىلغار ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسىدە بىرلىككە كەلگەن ئۈچ خىل ئىپادىلىنىشتۇر. چىنلىق بىزنىڭ دۇنياغا بولغان بىلىشىمىز. ئۇ بىزگە كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئىشەنچ بېغىشلايدۇ.

ئەينى دەۋردىكى ئىلغار ئىدېئولوگىيىلىك، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ، ئېستېتىك تەربىيە ۋە دىنىنىڭ يىرىك مەھسۇلىدىن بىرى بولغان ئۇلۇغ شائىر ئەلشىر ناۋائىي شېئىرلىرىدىمۇ ئېستېتىك تەربىيىگە دائىر ناھايىتى مول مەزمۇنلار بار. مەسىلەن:

مەست موغ دەيرى رىيايى خىلۋەتىمدىن ياخشىراق،
يوشۇرۇن ئىسيانى زاھىر تائىتىمدىن ياخشىراق.

(مەنىسى: كىشىلەرنى كۆرسۇن دەپ، يالغۇز ئىبادەتخانىدا ئولتارغىنىمدىن قاۋاقخا-

www.uyghurkitap.com

نىدىكى غەرق مەسلىگىم ياخشىدۇر؛ كۆرسۇن دەپ قىلغان ئىبادىتىمدىن، مەيپى گۇنا قىلغىنىم ياخشىراقتۇر.)

بۇ مىسرالار ئارقىلىق شەكلۋازلىق، ساختىپەزلىك، پۈرسەتپەرەزلىكتەك ناچار خاھىشلارنى تەنقىت قىلىپ، كىشلەرنى توغرا مەقسەت، توغرا نىيەتلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ. يەنە ئۇنىڭ:

مورۇۋۋەت بارچە بەرمەكتۇر يىمەك يوق،
پوتۇۋۋەت پارچە قىلماقتۇر دىمەك يوق.

(مەنىسى: ئۆزى يىمەي تۇرۇپ بەرسە مورۇۋۋەت - ئادەمگەرچىلىك، ئەركىنلىك بولىدۇ. دىمەي تۇرۇپ ئىشلىسە پوتۇۋۋەت - مەرتلىك بولىدۇ) دىگەن مىسرالىرىدا كىشلىك ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەردىكى مەرتلىك، ئادەمگەرچىلىكنى يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ مەدھىيىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقىلارغا ئازغىنە ياردەم قىلىپ، ئۆزىنى قالتىس ھىسابلايدىغان، قىلغان ئىشىدىن مىننەت قىلىدىغان بولمىغۇر خاھىشلارنى تەنقىتلەپ، ئۇلارنى ساغلام، ياخشى پەزىلەت يىتىلدۇرۇشكە ئۈندەيدۇ. ھەمدە گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇكنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ، كىشلەرنى مەرتلىك، سېخىلىق، ئادەمگەرچىلىكتەك پەزىلەت تەربىيىسىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ خىل پەزىلەت تەربىيىسى ئۆز نۆۋىتىدە كىشى قەلبىگە، ۋىجدانىغا تەسىر قىلىپ، ئۇلارنى چاكىنا، پۇچەك ھالەتتىن سەسكەندۈرۈپ، گۈزەللىككە، ئىستېتىك تەربىيىگە ئىگە قىلىدۇ.

يۇقار يامانلىق ئاڭا كىم بارسا يامانلار ئارا،
كۆمۈر ئارا ئىلىك ئۇرغان، قىلۇر ئىلىكنى قارا.

(مەنىسى: كۆمۈرنى تۇتقان كىشىنىڭ قولىغا قارا يۇققاندەك، يامانلار بىلەن يۈرگەن كىشلەرگە ئۇنىڭ يامانلىقى يۇقىدۇ) دەپ يامان نىيەتلىك، ناچار خاھىشتىكى كىشلەرگە قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ پالاكىتىگە يولۇقماسلىقنى ئۇقتۇرۇپ، يامانلاردىن قول ئۈزۈشنىڭ زۆرۈرلىگىنى دالالەت قىلىدۇ. يۇقىرىقى شېئىرى مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى كىشلەرگە ئېستېتىك تەربىيە بېغىشلايدىغان مەزمۇنلاردىن ئىبارەت. ناۋايى شېئىرلىرىدىن باشقا يەنە «ئەتە بەتۇل ھەقايىق» داستانىدىمۇ: بىلىملىك كىشى ھەممىگە تونۇلىدۇ، بىلىمسىز كىشى تىرىك تۇرۇپ كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ، بىلىملىك ئۆلسىمۇ نامى ئۆلمەيدۇ، بىلىمسىزلەر تىرىك بولسىمۇ نامى بولمايدۇ. دەپ ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئېستېتىك تەربىيە ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

ئېستېتىك تەربىيە كەڭ مەزمۇنلۇق روھىي مەدەنىيەت تەربىيىسى بولۇپ، ئۇ جىسمانىي گۈزەللىك تەربىيىسى، قەلبى گۈزەللىك تەربىيىسى، سۆز ۋە ھەركەت گۈزەللىك تەربىيىسى، تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ئائىت گۈزەللىك تەربى-

يىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭدەك ئاتا - ئانا، ئۇلۇغ ۋەتەن مۇھەببىتى قاتارلىق مەزمۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: شائىر ئابدۇرېيىم ئۆتكۈرنىڭ:

مەجنۇنتال قەددىنى ئىگىپ مۇلايىم،
سۇ بەرگەن ئۆستەڭگە قىلىدۇ - تازىم.
سۈت بېرىپ ئۆستۈرگەن ئانا ئالدىدا،
بۇرچىمىز قانچىلىك؟ ئويلايلى ھەر كىم.

دېگەن رۇبائىيسىنى ئوقۇغىنىمىزدا، مەجنۇنتالنىڭ سۇغا ئىگىلىپ تۇرۇشى ئۇنىڭ ئۆزى ھاياتلىق بېغىشلىغان سۇغا بولغان ھۆرمىتىنى كۆرسىتىدۇ، بىزمۇ ئاق سۈت بەرگەن ئانىنى قەدىرلىشىمىز لازىم، دېگەن ئانىلارغا مۇھەببەت تېمىسىنى ئىستېتىك يوسۇندا بايان قىلىدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، كىشىلەر قەلبىدە چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىككە ئىنتىلىشتىن ئىبارەت گۈزەل ھېسسىيات قوزغايدىغان شېئىرلارنىڭ ھەممىسى ئىجابى مەنىلىك ياكى ساپلا مەدھىيە شېئىرلىرى بولۇشى ناتايىن، بۇ نۇقتىدا كىشىلەر قەلبىنى، ھېسسىياتىنى ساغلاملاشتۇرۇشتا ئاچچىق ھەجۋى، چوڭقۇر كىنايە، كۈچلۈك ساتىرىك شېئىرلارمۇ ئىستېتىك تەربىيىگە ئېرىشىشنىڭ مۇھىم بىر ۋاستىسى بولالايدۇ. چۈنكى بۇ خىل شېئىرلاردا بەزى كىشىلەر ۋۇجۇددىكى ۋە جەمئىيەتتىكى ساغلام بولمىغان كەيپىياتلار، يامان ھادىسىلەر، ئومۇمەن ساختىلىق، قاباھەتلىك، خۇنۇكلۇك قاتارلىقلار پاش قىلىنىپ قامچىلانغاچقا، كىشىلەر بۇ خىل ئەسەرلەرنى كۆرۈپ پەسكەشلىك، رەزىللىكلەردىن يىرگىنىدۇ، ھەم زۇلمەتتىن قۇتۇلۇشقا، پەسكەشلىكتىن ساقلىنىشقا، ئىپلاسلىقتىن يىراق تۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ھەركەت قىلىدۇ، چىنلىق، ياخشىلىق، يۈكسەكلىك، گۈزەللىك، ئالىجاناپلىق، يورۇقلۇققا تەلمۈرىدۇ. ئۆز پائالىيەتلىرىنى بۇ خىل ئۆلچەملەر بىلەن ئۆلچەپ، ئومۇمەن گۈزەللىككە يۈزلىنىدۇ، مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا ئىستېتىك تەربىيىنىڭ مەنبەئى - ۋاستىسى يالغۇز ئىجابىيلىق بولۇپلا قالماي، سەلبىيلىكمۇ بولىدۇ، مەسىلەن: مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ «ئىنقىلاب ئۈچۈن» دېگەن ھەجۋى شېئىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا كېسەلچان، ئۆزىنىڭ ياشىنىپ ھالىدىن كەتكەن، پەقەت خىزمەتداشلىرىنىڭ ۋە بىر نەچچە تال دورا تابلېتكىسىنىڭ ياردىمى بىلەنلا ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇۋاتقان ئەمەلپەرەس باشلىقنىڭ ھالىغا كۈلىمىز، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھەممىدە «ئىنقىلاب ئۈچۈن»نى كۆتۈرۈۋالغان، ئەمەلىيەتتە ئىنقىلاب ئىشلىرىنىڭ زور توسالغۇسى، ئۈچىغا چىققان شەخسىيەتچى ماھىيىتىنى مەسخىرە قىلىمىز. ئاخىرىدا بىزمۇ بۇ خىل باشلىقلار تېزراق ئورنىنى بوشاتسۇن، دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز. شۇڭلاشقا ئىستېتىك تەربىيىنى جە-

www.uyghurkitap.com

مىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا يۈكسىلىشىگە تۈرتكە بولۇش جەھەتلەردە دەۋر چاقىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىش يولىدىكى بىر خىل مۇھىم كۈچ دەپ قاراش تامامەن ئەقىلگە مۇۋاپىق.

ئۇمۇمەن ئىستېتىك تەربىيە بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۈچۈنمۇ، جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ تامامەن زۆرۈر. جەمئىيىتىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىكى مەملىكەت بولغاچقا، دۆلىتىمىزدىكى ھەممە كىشىلەر ئىستېتىك تەربىيىگە مۇھتاج. شۇڭا ئىستېتىك تەربىيىنى داۋاملىق تەشۋىق قىلىپ، ئۇنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بارغاندىلا كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئاكتىپچانلىقىنى ئۆستۈرۈپ، مىللىتىمىزنىڭ، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئىناۋىتىنى ۋە تەسىرىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، كاپىتالىستىك مەملىكەتلەرنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىدىن تېز دەرىجىدە بۆسۈپ كەتكىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتى قەدىمدىن - ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ئىستېتىك تەربىيە رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلقىمىزنى ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن تەربىيىلەپ كەلمەكتە، شۇڭا بىز شېئىرىيىتىمىزدىكى ئىستېتىك تەربىيىگە توغرا باھا بېرىشىمىز ۋە ئۇنىڭ ئامىي قىممىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىمىزدە ئىستېتىك تەربىيە مەزمۇنلىرىنى يەنىمۇ كۆپلەپ تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنى يېتەكلەش، ئۇلارنى ھەقىقىي مەدەنىيەت ئىگىلىرىگە ئايلاندۇرۇش يولىدا جاپالىق كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

## IV

ئىستېتىك تەربىيە كىشىلەرنىڭ ئىستېتىك ئاڭ ۋە ئىستېتىك غايىلىرىگە ئاساسلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ.

كىشىلەر ياشاش جەريانىدا ھامان ئۆزىدە تەدرىجى يېتىلىپ بېرىۋاتقان ئىستېتىك ئاڭنىڭ يېتەكلىشى ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن ھەۋەس، ئىنتىلىشلىرى، ئارزۇ - غايىلىرى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز، جۈملىدىن شېئىرىيىتىمىزمۇ ئەلۋەتتە يۈكسەك دەرىجىدە ئالغا، گۈزەللىككە تەلپۈنۈشنى، ھەممە كىشىلەردە يۈكسەك ئۇمىتۋارلىق روھ يېتىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىستېتىك تەربىيىنىڭ كونتروللۇقىدىن ئايرىلالمايدۇ.

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئىستېتىك ئاڭ بىۋاسىتە ھالدىكى سان - ساناقسىز ئىستېتىك تەجرىبىلەرنىڭ تارىخى راۋاجى ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىستېتىك ھېسسىياتلىرى، ئىستېتىك باھا ۋە ئىدىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، كىشىلەرنىڭ رېئاللىقنى سەنئەت نۇقتىسىدىن ئىگىلىشى ۋە ئىستېتىك جەھەتتىن تەساۋۋۇر قىلىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن.

ئېستېتىك ئاڭ ئەۋلادلىرىمىزنىڭ گۈزەللىكنى سۆيۈش، گۈزەللىككە ئىشتىياق باغلاش، گۈزەللىك قانۇنىيەتلىرى بويىچە كەشىپ قىلىش ھەمدە ئۇزاق ئەسىرلىك ماددىي ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن شانلىق مۇۋاپپەقىيەتنى. مۇئەييەن ئېستېتىك ئاڭ چۈشەنچىسىگە ئىگە كىشى ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ۋە رېئاللىقنى توغرا بايقاپ ئۇنى ئەقلىي جەھەتتە چۈشىنىشتە توغرا ئېستېتىك كۆز قاراشقا ئىگە بولالايدۇ.

ئېستېتىك ئاڭ ئېستېتىك تەربىيە جەھەتتىن ئۆزىنى تەربىيىلەپ، ئېستېتىك باھا ۋە ئېستېتىك غايىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بەلگىلىك ئىدىيىۋى ھېسسىيات ۋە ئېستېتىك كۆز قاراشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئېستېتىك ئاڭ تەرەققىيات راۋاجى بىلەن كىشىلىكتە ناچار مۇھىتنى ئۆزگەرتىشكە، گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغان ئېستېتىك غايىۋى ئامىللار تۇغۇلۇپ، ئېستېتىك غايە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلايدۇ. بۇ خىل ئېستېتىك غايە ئۆزىگە يېتەكچىلىك قىلىشۋاتقان، ئېستېتىك ئاڭنى يېتىلدۈرىدىغان ئېستېتىك تەربىيە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئېستېتىك غايە - ئۇ ئىنساننى ئىنسان قىلىپ تۇرغان تۈپكى ئامىللارنىڭ بىرى، پەقەت ئۇلۇغ غايىلىرىنى قەلبىگە پۈككەن كىشىلەرلا ھەر قانچە زور ئوڭۇشسىزلىق ئالدىدىمۇ مەزمۇت تۇرالايدۇ. ئۆز غايىسىنى يوقاتقان كىشى يىلتىزسىز دەرەخقىلا ئوخشايدۇ، خالاس.

بىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بىر قىسىم رىۋايەت، ئەپسانە، چۆچەكلەرنى ئوقۇيدىغان، تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن جەھەتلەر، ئاجايىپ نەرسىلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئەمەلىيەتكە ئايلانغانلىقى، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئېستېتىك غايىلىرىنىڭ بارا - بارا رېئاللىققا يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن: رىۋايەت ۋە ئەپسانىلاردىكى ئۇچار گىلەملەر، جاھاننامە ئەينەكلەر بۈگۈنكى كۈندە رېئال ئاساسقا ئىگە بولۇپ، ھازىر تۈرلۈك شەكىلدىكى سامالىيوتلار، تېلېۋىزور قاتارلىق ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا قۇراللىرىغا ئايلانغانلىقى يۇقىرىقى پىكىرىمىزنى ئىسپاتلايدۇ.

دېمەك، ئېستېتىك ئاڭ مۇئەييەن تارىخى ئەمەلىيەت ئاساسىدا يېڭىدىن ئېرىشىلگەن ئېستېتىك بىلىش ۋە ئېستېتىك ئېھتىياجلار تەلىۋى نەتىجىسىدە ئېستېتىك غايىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئېستېتىك غايىدە ئوبيېكتىپ گۈزەللىك قانۇنىيىتى ۋە ئۆلچەملىرى كىشىلەرنىڭ ئىلغار ئېستېتىك كۆز قاراش ۋە ئېستېتىك تەرەققىيات تەجرىبىلىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ھىمايىسىدە ئۈستۈنلۈكنى ئالماي ياكى ئاقىۋەت ئۈستۈنلۈكنى ئالماي قالمايدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ئىجتىمائىي ھايات ۋە ئۇنىڭ ھەر قايسى ماددىي - مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى، كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىشى ئېستېتىك ئاڭدىن مەڭگۈ ئايرىلالمايدۇ.

ئېستېتىك تەربىيە كىشىلەرنى ئىلغار رېئالىزم ۋە رومانتىزم ئاساسىدا توغرا يۈنۈلۈش بويىچە تەربىيىلەپ، ئۇلاردا گۈزەل كېلەچەككە ئۈمىتۋارلىق بىلەن قارايدىغان ئېستېتىك غايە يېتىلدۈرىدۇ.

بىزنىڭ ئېستېتىكا ئىلمىنى ئۆگىنىشىمىز، تەتقىق قىلىشىمىز ھەم ئۇنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىشىمىز تۈپ نېگىزىدىن ئالغاندا ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئىلغار غايىنى يېتەكچى قىلغان، گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۈكنى توغرا پەرقلەندۈرۈپ، دەۋرىمىز كىشىلىرىنى ئۆز ئەژداتلىرىنى بېسىپ چۈشىدىغان يۈكسەك مەدەنىيەتلىك قىلىپ، تەربىيىلەش يولىدا ئېستېتىك تەربىيە ئاساسلىق قوراللىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئېستېتىك غايە پۈرولېتارىيات دۇنيا قارىشىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى، ئۇ دۇنيانى بىلىش، دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت غايەت زور تارىخىي كۈرەشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ۋە قورالى. كوممۇنىزىملىق ئۇلۇغۋار غايە جەمئىيەتنى قايتا قۇرۇش ۋە ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى بۇغۇننى يېتىلدۈرۈش يولىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق ئەڭ زور شانلىق ئىنقىلابتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئېستېتىك تەربىيىنىڭ ئېستېتىك ئاڭ ۋە ئېستېتىك غايىگە بولغان تەسىرىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە ياكى ئۇنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنىدىغان ئىدىئالىستىك خاتا ئېستېتىك ئىدىيىلەرگە قارشى ئېغىشماي كۈرەش قىلىپ، ماركسىزىملىق ئېستېتىكا نەزەرىيىسىنى قوغدىشىمىز، ئۇنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئېستېتىك تەربىيە بارلىق گۈزەل شەيئىلەر ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، گۈزەللىك ئارقىلىق بارلىق سەتلىكنى يېڭىپ، رەزىللىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش، ئاقىۋەت رەزىللىكنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئېستېتىك تەربىيىنىڭ ۋەزىپىسى شۇكى، كىشىلەرنىڭ بىر پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە گۈزەللىك قانۇنلىرى بويىچە ئۆزلۈكسىز ھالدا ئوبيېكتىپ ھەم سوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭدەك خەلقىمىزنى ھەر تەرەپلىمە يېتىشكەن، سەنئەتنى چۈشىنىدىغان، گۈزەللىكتىن ھوزۇرلىنالايدىغان مەدەنىيەتلىك ئاۋامغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئەڭ ئۇلۇغ غايە، ئەڭ گۈزەل دۇنيا - كوممۇنىزىم جەمئىيىتى ئۈچۈن ئاتلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

# سەلجۇقىلار ئىمپېرىيەسى

## شاۋشيەن

ناھايىتى چوڭ سانالغان ئەرەپ ئىمپېرىيەسى مىلادى 11- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يىمىرىلىشكە باشلىدى؛ 14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلىدا باش كۆتىرىشكە باشلىدى. مۇشۇنداق بىرى زەئىپلىشىۋاتقان، بىرى گۈللىنىۋاتقان ئىككى ئىمپېرىيە ئارىلىقىغا ئۆلۈشۈپ غەربىي ئاسىيادا دۇنيا تارىخىدا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن سەلجۇقىلار ئىمپېرىيەسى مەيدانغا كەلدى.

### بۈيۈك سەلجۇقىلار ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى

مىلادى 10 - ئەسىردىن باشلاپ، بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن ئەرەپ ئىمپېرىيەسىنىڭ ئابباسلار سۇلالىسى خاراپلىشىشقا باشلىدى. ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانى خەلىپەنىڭ ئەيشى - ئىشرەتكە بېرىلىشى بىلەن سۇلالە ھۆكۈمىتى ئۆز رولىنى يوقاتتى. ھەر قايسى ئۆلكىلەردىكى يەرلىك كۈچلەر پەيدىن - پەي مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن ئايرىلىپ، بۆلۈنمە ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۆزى بەگ - ئۆزى خان بولىۋالدى. ئىمپېرىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئىران چېگرىسى ئىچىدە تۈركلەر غەزنەۋىيلەر سۇلالىسىنى قۇردى. ئۇ تازا گۈللەنگەن مەزگىللىرىدە تېررىتورىيىسى ھازىرقى ئىران، ئافغانىستان، پاكىستان ۋە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولدى.

10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا قىرغىز يايلاقلىرىدىكى كۆچمەن چارۋىچى تۈركلەرنىڭ بىر تارمىقى غەربىي جەنۇپقا كۆچتى، ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى (باشلىقى) سەلجۇق ئىدى. شۇڭا، بۇ تۈركلەر سەلجۇقىلار دەپ ئاتالدى. كۆچۈش جەريانىدا (960 - يىلى) ئۇلار ئىسلام دىنىغا كىردى. سەلجۇقىلار چەۋەندازلىق قىلىشقا ماھىر بولۇپ، باشقا ئۇششاق تۈرك قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇش ۋە قوشۇۋېلىش ئارقىلىق پەيدىن - پەي قۇدرەت تاپتى. 1037 - يىلى سەلجۇقىنىڭ نەۋرىسى توغرۇل بېك باشچىلىقىدا غەزنەۋىيلەر سۇلالىسىنى مەغلۇپ قىلدى؛ ئىراندا پۇت دەسسەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە غەلبىسىرى ئىلگىرلەپ ئىمپېرىيەنىڭ پاي-

www.uyghurkitap.com

تەختنى باغداتقا يۆرۈش قىلدى. 1055 - يىلى توغرول بېك ئەسكەرلىرىنى باشلاپ باغدات شەھىرىگە كىرىپ، خەلىپىنى ئۆزىگە «مەشرىق (شەرق) بىلەن مەغرىب (غەرب) نىڭ سۇلتانى» دىگەن نامنى بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. سۇلتان - «هوقۇق تۇتقۇچى» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. سەلجۇقىلار سۇلالىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۆپلىگەن ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ هۆكۈمرانلىرى ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئاتايدىغان بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن سەلجۇقىلار ئىمپېرىيەسى قۇرۇلدى. كېيىن كىچىك ئاسىيادا قۇرۇلغان يەنە بىر سەلجۇقىلار ئىمپېرىيەسىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، باغداتنى پايتەخت قىلىپ قۇرۇلغان بۇ سەلجۇقىلار ئىمپېرىيەسى تارىختا بۈيۈك سەلجۇقىلار ئىمپېرىيەسى دەپ ئاتالدى. بۇ چاغدا ئەرەپ ئىمپېرىيەسىنىڭ نامى ئاللىقاچان يوقالغان ئىدى. خەلىپە مۇسۇلمان دۆلەتلەردە دىنىي داهىي بولۇپ، دىنىدىن باشقا هوقۇقلىرى قالمىغان.

## ئىمپېرىيەنىڭ كېڭىيىشى ۋە پارچىلىنىشى

1060 - يىلى توغرول بېك ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جىيەن ئوغلى ئالىپ ئارسلان سۇلتان بولدى. ئالىپ ئارسلان ئاجايىپ هەربى قابىلىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ تەرەپ - تەرەپتە جەڭ قىلىپ ناهايىتى كەڭ تېررىتورىيەگە ئىگە سەلجۇقىلار ئىمپېرىيەسىنى قۇرۇشتا زور تۆهپە قوشتى. ئۇنىڭ ئۆرۈش هاياتىدا تارىختا زور تەسىر قالدۇرغىنى مانچىكەت ئۇرۇشىدۇر.

كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلى شۇ چاغدا ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى (شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسى) گە قاراشلىق بولۇپ، ئۇ يەردىكى ئاهالىلار ئاساسەن خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان گىرېكلار ئىدى. ئەرەپ ئىمپېرىيەسى گۈللەنگەن مەزگىلدە، كىچىك ئاسىيانى كۆپ قېتىم ۋىزانتىيەنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان ئىدى. 1071 - يىلى ئالىپ ئارسلان جەنۇبىي كاپكازدىن ئەسكەر تارتىپ چىقىپ، كىچىك ئاسىياغا قاراپ كېڭەيدى. كىچىك ئاسىيا ۋىزانتىيەنىڭ ئاساسلىق مالىيە كىرىم ۋە ئەسكەر توپلايدىغان جايى بولغاچقا، ۋىزانتىيە سەلجۇقىلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. ئىككى تەرەپ ئارمېنىيە ۋان كۆلى يېنىدىكى مانچىكەت (هازىرقى تۈركىيە جۇمهۇرىيىتىنىڭ شەرقىي قىسمىدا) تە ئۇچراشتى، نەتىجىدە ئالىپ ئارسلاننىڭ قوماندانلىقىدىكى سەلجۇقىلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ۋىزانتىيە قوشۇنلىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ پادىشاسى رومان IV مۇ ئەسىرگە چۈشتى، سەلجۇقىلار غەلبىسىرى ئىلگىرلەپ پۈتكۈل كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلىنى ئىشغال قىلىپ، بۈيۈك سەلجۇقىلار ئىمپېرىيەسىنىڭ زېمىنىنى مەرمەر

دېڭىزدىنچە سۈرۈپ، ۋىزانتىيە پايتەختى كونستانتىنوپول (هازىرقى ئىستانبۇل) بىلەن دېڭىز ئارقىلىق ئارىلىشىپ تۇرىدىغان قىلدى.

مانچىكەت ئۇرۇشى دۇنيا تارىخىدا ناهايىتى مۇهىم تەسىر پەيدا قىلدى. ئالدى بىلەن، مانچىكەتتىكى غەلىبە بىلەن سەلجۇقلار ۋە باشقا تۈرك خەلقلىرى ئىسلام دىنىنى كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلىغا ئېلىپ كىرىپ ھەممە ئولتۇراقلىشىپ، كېيىنكى ئوسمان ئىمپېرىيەسىدىن تاكى هازىرقى تۈركىيە جۇمهۇرىيىتىنىڭ دۆلەت قۇرۇشىغا يول سېلىپ بەردى. ئىككىنچىدىن، مانچىكەت ئۇرۇشى ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. شۇندىن ئېتىۋارەن ئۇ هوشىغا كېلەلمىدى. ئۇرۇش يەنە پۈتكۈل ياۋروپانى زىلزىلىگە سالدى. ۋىزانتىيەنىڭ ئۆتۈنۈشى، پاپانىڭ تەشەببۇسى بىلەن غەربىي ياۋروپادىكى هەر قايسى دۆلەتلەر ئەھلى سەلىپ (كىرست) ئارمىيىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، نەچچە يۈز يىلغا سوزۇلغان ئەھلى سەلىپ ئارمىيىسىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغىدى.

ئالىپ ئارسلان 1073 - يىلى ئۆلدى. ئۇنىڭ ئوغلى مالىك شاه سۇلتان بولدى. مالىك شاه كېڭەيمىچىلىك تىغ ئۇچىنى غەرپكە قاراتتى. ئۇ ئەرەپلەرنىڭ قولىدىن دەمەشق ۋە ئىروسالىمدىن تارتىپ تاكى سىناي يېرىم ئارىلىغىچە تارتىۋېلىپ مىسىردىكى ئەرەپ فاتىمە سۇلالىسىغا تەهدىت سالدى. بۇ چاغقا كەلگەندە، بۈيۈك سەلجۇقلار ئىمپېرىيەسى تازا گۈللەندى. ئۇنىڭ دائىرىسى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرقىدىن هىندى دەرياسىنىڭ غەربىگىچە، شىمالدا كافكاز، كىچىك ئاسىيادىن تارتىپ جەنۇپتا ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىغىچە بولغان كەڭ رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

لېكىن، بۇ چوڭ ئىمپېرىيە قالاق كۆچمەن چارۋىچى مىللەتنىڭ ئىلغار، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان مىللەتنى هەربىي جەهەتتىن بويسۇندۇرۇشى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولغاچقا، ئانچىلا مۇستەهكەم ئەمەس ئىدى. 1092 - يىلى سۇلتان مالىك شاه ئۆلگەندىن كېيىن، تەخت تالىشىش ۋە هەر قايسى جايلاردىكى فېئودال كۈچلەرنىڭ بۆلۈنمىچىلىكى ئىمپېرىيەنى ناهايىتى تېز زاۋاللىققا يۈزلەندۈردى. ئۇ نۇرغۇنلىغان ئۇششاق سەلجۇق خانلىقلىرىغا بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ ئۇششاق خانلىقلارنى ئۇزۇن ئۆتمەيلا شۇ يەردىكى مىللەتلەر ئاغدۇرۇپ تاشلىدى ياكى قوشۇۋالدى. 12- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، بۈيۈك سەلجۇقلار ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىزناسىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. لېكىن، سەلجۇقلارنىڭ كىچىك ئاسىيادا قۇرغان دۆلىتى بۇنىڭ سىرتىدا.

## كىچىك سەلجۇقلار ئىمپېرىيەسى

1071 - يىلى سەلجۇقلار بۈيۈك ئىمپېرىيەسىنىڭ 2- سۇلتانى ئالىپ ئارسلان

www.uyghurkitap.com

مانچىكەتتە ۋىزانتىيەنى مەغلۇپ قىلىپ پۈتكۈل كىچىك ئاسىيانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، داۋاملىق يۈرۈش قىلىپ سۈرىيەگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ يەرنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى سۇلايمانغا تاپشۇردى. 1092 - يىلى بۈيۈك سەلجۇقىلار ئىمپېرىيەسى بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن، سۇلايماننىڭ ئوغلى قىلىچ ئارسلان ئۆزىنى سۇلتان دەپ جاكالاپ، قونيەنى پايتەخت قىلدى. بۇ دۆلەت تارىختا كىچىك سەلجۇقىلار ئىمپېرىيەسى دەپ ئاتالدى. ئۇ چاغدا پارسلار (ئىران) بىلەن ئەرەبلەر ۋىزانتىيەنى رۇم دەپ ئاتىشىدىغان بولغاچقا، سەلجۇقىلار ۋىزانتىيە زېمىنىدا قۇرغان بۇ دۆلەت رۇم سۇلتانلىقى دەپ ئاتالدى.

1097 - يىلى ئەھلى سەلىپ ئارمىيىسى فوسفور بوغىزىدىن ئۆتۈپ، كىچىك ئاسىيادىكى سەلجۇقىلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ۋىزانتىيەنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى كىچىك ئاسىيانىڭ شەرق قىسمىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ياردەم بەردى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا ئەھلى سەلىپ ئارمىيىسى تىغ ئۇچىنى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغاقلىرىغا قاراتتى، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ رۇم سۇلتانلىقىغا ھۇجۇم قىلغىدەك مادارى بولمىغاچقا، ۋىزانتىيەلىكلەر بىلەن سەلجۇقىلار كىچىك ئاسىيادا 200 يىلدىن ئارتۇق تىركىشىشتى.

كىچىك ئاسىيا ئەينى زاماندا شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقى ھەم كۆچلەر ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق بەلباغ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزاق مەزگىللىك تىنچلىقنى باشتىن كەچۈردى. سەلجۇقىلار ئىمپېرىيەسى بىر مەزگىل ئىنتايىن گۈللەندى. شەرق، غەرب سودىگەرلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە كېلىپ ئوقەت قىلدى. مەدەنىيەت، سەنئەتمۇ ئىنتايىن راۋاجلاندى. قەدىمكى پارس مەدەنىيىتى، ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە يۇنان - رىم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن بىر خىل يېڭى مەدەنىيەت - كېيىنكى تۈرك مەدەنىيىتى مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. شۇ چاغدىكى پايتەخت قونيەدە سېلىنغان بەزى مەسچىت ۋە مەدرىس (مەكتەپ) لەر تا ھازىرغىچە ساقلانماقتا.

1243 - يىلى رۇم سۇلتانلىقى موڭغۇللار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ بېقىندىسى بولۇپ قالدى. 1302 - يىلى سەلجۇقىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۇلتانى ئۆلگەندىن كېيىن، رۇم سۇلتانلىقى ھالاك بولدى.

13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، موڭغۇللارنىڭ كېڭەيمىچىلىكىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى تۈركى قەبىلىلەر ئارقا - ئارقىدىن غەربكە كۆچتى. ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى 1230 - يىلى كىچىك ئاسىياغا يېتىپ بارغاندا، رۇم سۇلتانلىقى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى ھەمدە ۋىزانتىيەگە تۇتىشىدىغان بىر پارچە يەر - زېمىنى ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى ئوسمانغا غوجىلىق يەر قىلىپ ئايرىپ بەردى. تارىختا بۇ تارماق تۈركلەر ئوسمانلار دەپ ئاتىلىدۇ. 14 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ئوسمانلار زېمىنى تايانچ

# «قىزىل قاغا مىڭ ئۆي» ئاتالغۇسى توغرىسىدا

مەھەممەت داۋۇت

«قىزىل قاغا» كۇچار ناھىيە بازىرىنىڭ تەخمىنەن 10 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدىكى بىر جاينىڭ نامى، ئۇ، باي ناھىيىسىگە قاتنايدىغان كونا چوڭ يول بويىدا. بۇ جايدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنىدىن ئىككىسى بار. بۇنىڭ بىرى «قىزىل قاغا مىڭ ئۆيى»، يەنە بىرى «قىزىل قاغا تۇر» دېيىلىدۇ. گەرچە ئالدىنقىسى خەلق تىلىدا «مىڭ ئۆي» دېيىلگەن بولسىمۇ، ھازىر تېپىلىپ نومۇر سېلىنغان پەقەت 46 ئۆي بار. بۇ ئۆيلەر تاغ باغرىنى ئويۇپ سېلىنغان. ئۆينىڭ ئىچى كاكىل لاي بىلەن سۇۋۇلۇپ ھاكلانغان، تامغا بۇددا مەدەنىيىتىگە ئائىت سۈرەتلەر سىزىلغان. بىر قىسىم ئۆيلەرنىڭ تاملىرىغا بىر خىل قەدىمكى يېزىق بىلەن خاتىرە قالدۇرۇلغان. بۇ يېزىقنى بەزىلەر «كۇچار يېزىقى» دېسە، بەزىلەر «توخار يېزىقى» ياكى «توخرى يېزىقى» دەپ قاراۋاتىدۇ. بۇ خاراكتېرلەرنىڭ مەزمۇنى تېخى تەرجىمە قىلىنغىنى يوق. «قىزىل قاغا» دىكى يەنە بىر مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى «قىزىل قاغا تۇر» بولۇپ، ئۇ «مىڭ ئۆي» نىڭ تەخمىنەن 500 مېتىر غەربىي جەنۇبىدىكى تۈزلەڭلىك ئۈستىگە ياسالغان. تۇرنىڭ ھازىرقى شەكلى چاسا ھالەتتە بولۇپ، جەنۇب تەرەپ يۈزىنىڭ كەڭلىكى 6.20 مېتىر، شىمال تەرەپ يۈزىنىڭ كەڭلىكى 6.10 مېتىر، شەرق تەرەپ يۈزىنىڭ كەڭلىكى 4.40 مېتىر، غەرب تەرەپ يۈزىنىڭ كەڭلىكى 4.50 مېتىر، ئېگىزلىكى 13.00 مېتىر كېلىدۇ. تۇر تۈپىنى چىڭداش، ھەر 0.65 مېتىر ئارىلىقتا ياغاچ تاتما قويۇش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان. بۇ جايدا سۇ بولمىغاچقا ئولتۇراقلىق ئاھالە ياكى تېرىلغۇ يەر يوق. بۇ جايدىكى

بازا قىلىپ تۇرۇپ، ۋىزانتىيە زېمىنىنى ئۈزلۈكسىز يۇتۇۋالدى ۋە ئەتراپىدىكى كىچىك تۈرك دۆلەتلىرىنى قوشۇۋېلىپ قۇدرەت تېپىشقا باشلىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا 3 قىتئەگە ھالقىپ ئۆتكەن ھەربىي چوڭ ئىمپېرىيە — ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە تەرەققىي قىلدى.

ئىمىن تۇختى تەرجىمىسى

www.uyghurkitap.com

مۇشۇ ئىككى تۈر ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مەملىكىتىمىز ۋە چەتئەللەردىكى ئارخېئو-لوگلارنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى قوزغاپ كەلدى. بۇ ھەقتە يېزىلغان ماقالىلار ئاز ئەمەس. گىرىنۋېدېل 1912 - يىلى بېرلىندا «چىنى تۈركىستاندا قەدىمكى بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ ئىزى»، 1920 - يىلى «كونا كۇچار» دېگەن ئىككى توملۇق ئايرىم رەسىملەر بىلەن تولغان كىتاب نەشر قىلدۇرغان. ئارخېئولوگ لىكوكمۇ بۇ كىتابلار-نىڭ تۈرلۈك باپلىرىدىكى «بۇ قوتورا» ۋە «قىزىل» ئىسىملىرى ئۈستىدە ئالاھىدە مۇنازىرە ئېلىپ بارغان.»① ئېلىمىز ئالىملىرىدىن خۇاڭ يەنپى، يەن ۋېنرۇ قاتار-لىق كىشىلەرمۇ ئىلگىرى كېيىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ خاتىرە ياكى كىتاب يازغان. ئازاتلىقتىن كېيىن كۆپ قېتىم تەكشۈرۈلگەن ۋە مۇھاپىزەت ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىمۇ «كۇچارغا زىيارەت» دېگەن فىلىمدە بۇ ئىككى ئورۇننى كەڭ جامائەتكە تونۇشتۇردى. بۇ ئورۇن توغرىسىدىكى تەتقىقات بارغانسېرى چوڭقۇر قانات يېيىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئاپتورلارنىڭ كۆپىنچىسى ئارخېئو-لوگىيىلىك نۇقتىئىنەزەر بىلەن قاراپ، جۇڭگو تارىخىدىكى خانلىقلارنىڭ يىل نامى-سى بويىچە ھېسابلىغاندا «قىزىل قاغا مىڭ ئۆي» لىرىنىڭ باشلىنىش ۋاقتى ۋېي، جىن سۇلالىلىرى بىلەن بىر دەۋرگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى، «قىزىل قاغا تۇر» نىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن بىر دەۋرگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كەلمەكتە. بىر قىسىم ئاپتورلار تىلشۇناسلىق نۇقتىسى بىلەن قاراپ، «قىزىل قاغا» دېگەن سۆزنى «قىز قالغان» ياكى «قىز تۇرغان» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى دەپ قىياس قىلماقتا. بۇ خىل قىياسلار فرافېسسور يەنۋېن رو خاتىرىلىگەن مۇنداق بىر رىۋايەتنى ئاساس قىلغان بولۇشى كېرەك:

قەدىمكى كۇچار شاھىنىڭ ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن. پادىشا دائىم قىزىنىڭ كەلگۈسىدىن غەم ئەندىش قىلىدىكەن. بىر كۈنى پادىشا مۇنەج-جىملىرىنى چاقىرىپ، قىزىنىڭ كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرىشنى ئېيتىپتۇ. مۇنەججىم-لەر پادىشانىڭ قىزىنى ئىلان چېقىپ ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشا بۇنىڭدىن ساقلىنىش چارىسىنى سورىغان ئىكەن، بىر مۇنەججىم تاغ باغرىدىكى قۇرغاق جاي-غا بىر راۋاق سېلىپ، قىزنى شۇ راۋاق ئۈستىدە بېقىشنى مەسلىھەت بېرىپتۇ. پا-دىشا بۇ مەسلىھەت بويىچە ئىش كۆرۈپتۇ، پادىشانىڭ قىزىمۇ تىنچ ئامان چوڭ بولۇۋېرىپتۇ. بىر يىلى ئالما پىشقىدا پادىشا باققا كىرىپ بىر تال ئالمىنى ئۈزۈۋېتۇ ۋە بۇ ئالمىنى قىزىغا قىسسىپتۇ-دە، ئېلىپ بېرىپ، قىزىغا بېرىپتۇ. قىز ئالمىنى يېمەكچى بولۇپ يارغان ئىكەن، ئالمىنىڭ ئىچىدىن ناھايىتى ئىنچىكە بىر ئىلان چىقىپ، قىزنى چېقىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ھازىر ساقلىنىپ قالغان تۇر ئۆز ۋاقتىدا شۇ قىز تۇرغان راۋاق ئىمىش.②

مەن مۇشۇ رىۋايەتكە ئاساسەنلا «قىزىل قاغا» دېگەن سۆزنى «قىز قالغان»

ياكى «قىز تۇرغان» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى بولۇشى مۇمكىن، دېگەن قىياسنى تولۇق ئاساسقا ئىگە ئەمەس دەپ قارايمەن. يەر نامىلىرىنى تەكشۈرۈش دائىرىسى خېلى كەڭ، مۇرەككەپ مەسىلە. ئۇنى توغرا ئېنىقلاش ئۈچۈن، بۇ جاينىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن قاچان ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىكى، قانداق قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ ئولتۇراقلاشقانلىقى، ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تارىخىدا قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقى، يەر نامىلىرىنىڭ قايسى تىل بىلەن ئاتالغانلىقى، بۇ تىلنىڭ قانداق تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، يەر نامىلىرىنى خالىغانچە ئىزاھلاش ۋە يەككىللىك بىلەن ئۆزگەرتىۋېتىشتىن ساقلىنىش، پۇختا تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

1956 - يىلى بىر نەپەر مەسئۇل يولداش كۇچاردا خىزمەتتە بولۇپ، ھازىرقى بېشئاۋاغ يېزىسىنىڭ بوستان كىچىك كەنتىگە بارغاندا، «بۇ جاينىڭ ئىسمى نېمە؟» دەپ سورىغان. يەرلىك خەلق «بوغاز كىچىك» دەپ جاۋاپ بەرگەن. ھېلىقى رەھبەر بۇ ئىسىم سەت ئىكەن، دەپ قاراپ، «بۇندىن كېيىن «بوستان كىچىك» دەپ ئاتاڭلار.» دېگەن. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن بۇ كەنتنىڭ ئىسمى «بوستان كىچىك» كە ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، خەلق ئىچىدە يەنىلا «بوغاز كىچىك» دىگەن ئات داۋاملىق ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ كەنت ئۆگەن دەرياسىنىڭ تارمىقى بولغان يېڭى دەريانىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، «كىچىك» دېگەن سۆز دەريانىڭ كۈۋرۈك بولمىغان جايدىن كىشىلەر ئات ئۇلاغلىق ۋە ياللىغىداق ئۆتىدىغان تۇراقلىق ئورۇنغا قارىتىلغان. بۇ جايدىكى كىچىك دەريانىڭ بوغىزىدا بولغاچقا «بوغاز كىچىك» دەپ ئاتالغان بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ھېچقانداق يەنە بىر مەنىسىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. كۇچاردا «قاغا» نامى بىلەن ئاتىلىۋاتقان 5 جاي بار. بۇلار: قىزىل قاغا: يۇقىرىدا سۆزلەندى. قاغىچى: كۇچار ناھىيە ئىشغىلا يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى بىر كەنت. بۇ كەنتنىڭ شىمالى كۇچارنىڭ شىمالدىكى چۆل تاققا تۇتىشىدۇ. ساقاغا: كۇچار ناھىيە يېڭى شەھەرنىڭ شەرقىدىكى بىر كەنت. بۇ كەنت كۇچار دەرياسىنىڭ كەلكۈن تاشقىنىدىسىدىن ھاسىل بولغان يىسۋاس سايىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. ئالا قاغا: كۇچار ناھىيە بازىرىنىڭ تەخمىنەن 38 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بىر كەنت. ھازىر بىر يېزىنىڭ نامى قىلىندى. بۇ يېزىنىڭ يەر زېمىنى شايار ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. تىم ئالا قاغا: كۇچار ناھىيە بازىرىنىڭ تەخمىنەن 60 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بىر كەنت. بۇ كەنتنىڭ غەربىي قىرغىقىدىن يېڭى دەريا ئېقىپ ئۆتىدۇ. كەنتنىڭ ئايىقى تارىم ئويمانلىقى بىلەن تۇتىشىدۇ.

كۇچاردىكى يېزىلار نامىغا قوشۇلغان «قاغا» سۆزىنى ئاساس قىلغان يۇقىر-

قى 5 جاي نامىنىڭ مەنىلىرى توغرىسىدا ھەر خىل ئىزاھلاشلار بولۇپ، تارىخى پىكىر بىرلىككە كەلگىنى يوق. شۇنداقلا بۇ 5 جاينىڭ ئىسمى بىلەن بۇ ئاتالغۇ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال ياكى راۋايەت يوق. «قايغۇ»، «قورغان»، «قاراغو» دېگەن مەنە بىلەن قىلىنغان قىياسلارنىڭ ھەممىسىدە مۇداپىئە كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، نىسبەتەن ئەقىلگە مۇۋاپىق. جۇغراپىيەلىك ئورۇن جەھەتتىن قارىغاندىمۇ ساقاغا كۇچارنىڭ شەرقىگە، قاغىچى شىمالىغا، قىزىل قاغا غەربىي شىمالىغا، ئالا قاغا غەربىي جەنۇپقا، تىم ئالا قاغا شەرقىي جەنۇپقا جايلاشقان ھەمدە بىر قىسىم جايلارغا مۇناسىپ ھالدا تۇرلار سېلىنغان. يولداش ھاجى نۇرھاجىنىڭ «قارا خانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتاۋىدا «قارا خانىلار خاندانلىقى دەۋرىدە مەركەزدىن يىراق جايلاردىكى ئېلىك خان ۋە مۇستەقىل يەرلىك خانلار ئوتتۇرىسىدا چاپارمەنلەر يۈرۈپ تۇراتتى، قارغۇلار بار ئىدى. قارغۇلاردا تۇرغان قاراۋۇللار كېچىسى ئوت يېقىش، كۈندۈزى بايراق (بىر پارچە ھالرەڭ يىپەك رەختتىن قىلىنغان بايراق بولۇپ، جەڭ ۋاقتىدا قوللىنىلاتتى) لەپىلدىتىش بىلەن مەركەزگە ئالاقە يوللاش ئىشلىرىنى قىلاتتى. قارغو دەپ ئاتىلىدىغان پوتەيلەرنىڭ خارابىسى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ھېلىمۇ ساقلانماقتا...» دەپ كۆرسەتكەن③. ئۇلۇق ئالىم مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دېگەن كىتاۋىدا «قرەغوي: قارغوي-تۇر. تاغنىڭ تۆپىسىگە ياكى ئېگىز يەرگە مۇنار شەكلىدە ياسالغان تۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوت يېقىپ، دۈشمەننىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىلىدۇ. شۇنىڭغا قاراپ كىشىلەر تەييارلىق قىلىدۇ.»④ دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنداق ئىتنىڭ ئاتالغۇلار ھېلى ھەم ساقلانماقتا. قەشقەر يېڭىسار ناھىيىسىدە «قاغوي» ناملىق بىر يېزىنىڭ بولغانلىقى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.⑤ ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشىدىن قارىغاندا «قارغوي» سۆزىدىكى «ر» نىڭ چۈشۈپ قېلىپ، «قاغوي» سۆزىگە ئۆزگىرىشىنى، «قاغوي» سۆزىدىكى «ي» نىڭ چۈشۈپ قېلىپ، «قاغۇ» سۆزىگە ئۆزگىرىشىنى چۈشىنىش مۇمكىن. «قاغۇ» نىڭ «قاغا» دەپ ئىستىمال قىلىنىشىمۇ نورمال ئەھۋال. ھازىرمۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان 5 جاينىڭ نامىنى ئاتاشتا «قاغا» بىلەن «قاغو» ئارىلاشتۇرۇپ ئىستىمال قىلىنىۋاتىدۇ. يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن مېنىڭچە كۇچاردىكى «قاغا» سۆزىنى ئاساس قىلغان 5 جاينى ئۆز ۋاقتىدا كۇچاردىكى كىچىك فېئودال خانلىقلار قاراۋۇل توختاتقان جاي بولۇشى كېرەك دەپ قارايمەن. جۈملىدىن «قىزىل قاغا» دېگەن سۆزمۇ ئەسلىدە «قىزىل قارغوي» دېگەن سۆز بولۇپ، كۇچار خانى باي ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قىزىل تەرەپتىن كېلىدىغان خەۋپتىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن قاراۋۇل توختاتقان جاي، ھازىر ساقلىنىپ قالغان تۇر ئۆز ۋاقتىدا پادىشانىڭ قىزى ئۈچۈن ياسالغان راۋاق بولماستىن، ئوت يېقىپ يالقۇن ۋە ئىس تۈتەك ئار-

قىلىق پادىشالىق ئوردا ۋە شەھەر خەلقىگە خەۋەر بېرىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئورۇن بولسا كېرەك. ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيىتىدىن قارىغاندىمۇ «قىزىل» سۆزىدىكى «ئىل» نىڭ ئاجىزلىشىپ ياكى چۈشۈپ قېلىپ، «قىز» سۆزىگە ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. «تۈركى تىللار دىۋانى» دىن قارىغاندىمۇ قەدىمدىن تار- تىپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوغەت فوندىدا «قىزىل» ۋە «قىز» سۆزلىرى بولۇپ، ئايرىم ئىستىمال قىلىنغان.

«قىزىل قاغا مىلىك ئۆي» ۋە «قىزىل قاغا تۇر» نىڭ ۋاقتى توغرىسىدا «قىزىل قاغا تۇر» نى جۇڭگو تارىخىدىكى خانلىقلارنىڭ يىلنامىسى بويىچە ئېيت- قاندا، خەن سۇلالىسى دەۋرىگە، «قىزىل قاغا مىلىك ئۆي» نى ۋېي، جىن سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ، دەيدىغان پىكىرلەر بولۇۋاتىدۇ. مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك دەۋرىنى بېكىتىش ناھايىتى مۇرەككەپ مەسىلە بولۇپ، داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، مەن بۇ ئىككى ئورۇندىكى مەدەنىي يادىكارلىق ئوخشاشلا بىر دەۋرنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايمەن. چۈنكى قاراۋۇلخانا بولغان ئىكەن، ئەسكەرلەرنىڭ تۇرۇشى مۇقەررەر. ئۆز ۋاقتىدا كۇچار خانى ۋە خەلقلىرى- مۇ بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغان. يىراقتىن كۆرۈنگەن بىرەر خەۋىپتىن ساقلىنىش ئۈچۈن راھىبلار ئۈچۈنمۇ قارغۇي تۇرۇلىشى لازىم بولغان.

## ئىزاھاتلار

① «شىنجاڭ خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقات خەۋەرلىرى» 1985 - يىل 1 - سان.

② بۇ رىۋايەتنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلىگەن «كۇچارغا زىيارەت» دېگەن فىلىمنىڭ پۈشەندۇرۇشىنى ئاڭلاپ ئېسىمدە قالغىنى بويىچە خاتىرىلىدىم.

③ ھاجى نۇر ھاجى «قارا خانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۈرۈمچى 1983 - يىل 7- ئاي، 1 - نەشرى، 96 - بەت.

④ «تۈركى تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىل ئۈرۈمچى نەشرى، 3- توم، 332- بەت.

⑤ ئابلىمىت روزى «ئالىم مەخمۇت قەشقىرى ۋە ئۇنىڭ «دىۋان لوغەتى تۈرك كىتابى» » شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى (ئىجتىمائى پەن قىسمى) 1981 - يىل 1. سان، 32 - بەت.

☙☙☙☙☙☙☙☙

# ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى ئاتالغۇلارنىڭ تارىخى كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى توغرىسىدا

ئابلىمىت روزى

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك تىلشۇناسلىق ( linguistique ) ئىلمى — تارىخىي تىلشۇناسلىق، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ۋە ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق قاتارلىق بىر نەچچە زور تارماق پەنلەرگە بۆلۈنگەندىن باشقا، يەنە لېكسىكولوگىيە (لۇغەتشۇناسلىق...)، سىماسىئولوگىيە (سۆز، ئىبارىلەرنى مەنە جەھەتتىن تەتقىق قىلغۇچى)، فرازېئولوگىيە (تىلنىڭ مۇقىم سۆز، ئىبارە، جۈملىلىرى ھەققىدە ...) ۋە ئېتىمولوگىيە (سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى ...) قاتارلىق مەخسۇس پەن تەتقىقات تۈرلىرىگە ئايرىلغان. تىلشۇناسلىقنىڭ ئېتىمولوگىيە تارمىقى ھەققىدە ئېنگىلىز تىلشۇناسلىرىدىن K. خارتمان، F. ستورك: «ئېتىمولوگىيە دېگىنىمىز، سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى، تارىخى، تۈزۈلۈش شەكلى، مەنىلىرىنىڭ ئۆزگىرىش (چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. تىلشۇناسلىقنىڭ لېكسىكولوگىيە، سىماسىئولوگىيە قىسىملىرى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك» ① دەيدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇيغۇر تىلىنىڭ XI - ئەسىردىكى گۈللەنگەن ھالىتىنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە «تۈركى تىللىرىنىڭ ئەرەپ تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ...» ② يېزىلغان «تۈركى تىللار دىۋانى» مىڭ يىللار بۇرۇنلا باشلانغان ئۇيغۇر تىلشۇناسلىق تارىخىدىكى «سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق»، «ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق» ۋە «ئېتىمولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ ئوبدان نەمۇنىسى. شۇنداقلا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى زور بىر تۈركۈم ئاتالغۇلارنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈنمۇ ئىشەنچلىك ئىلمىي مەنبە. چۈنكى ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىپتىدائىي تارىخىدىن XI - ئەسىرگىچە بولغان تىل قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات جۇغلانمىسى بولۇپ، 7500 گە يېقىن لۇغەتلەر ئۆز دەۋرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، ماددىي

① «تىل ۋە تىلشۇناسلىق لۇغەتلىرى» شائخەي ماتارىپ نەشرىياتى، خەنزۇچە 1983 يىل نەشرى، 119- بەت.

② «تۈركى تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1 - توم 5- 6 بەتلەر

مەدەنىيىتى، ئىلىم - پەن، مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت، تىبابەت، ئاسترونومىيە، مىللەت تەتقىقات ۋە ئېتنوگرافىيىگە ئائىت قىممەتلىك ماتېرىياللار غەزىنىسى.

مەدەنىيەت تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن، سەرگۈزەشتىسى بىر قەدەر مۇرەككەپ، تارىخىي يازما مەنبەلىرى دېگىدەك ساقلانمىغان بىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تىل بايلىقىدىكى سۆزلەرنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقان مەنىلىرى ئېتىمولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىش شۇ مىللەتنىڭ يېتىلىش تارىخى، ئېتنىك خۇسۇسىيەتلىرى، مەنىۋى بايلىقىنىڭ يورۇتۇلمىغان تەرەپلىرىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىر باغدا ئىككى تۈپلا دەرەخ بولمىغاندەك، «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركى تىللار دىۋانى» قاتارلىق ئىككى ئەسەرمۇ XI ئەسىرنىڭ يېگانە يادنامىسى بولمىسا كېرەك. ئەپسۇسكى ئۇلار بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن ياكى قولغا چۈشمەيۋاتقان ئەھۋالدا. شۇنداق بولسىمۇ، ھازىرغىچە قولىمىزغا چۈشكەن ئورخون - يەنسەي يادىكارلىقلىرى ۋە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان ۋە تېپىلىۋاتقان يازما مەنبەلەرمۇ بىر يۈرۈش تەتقىقات كالونىنىسىنى تەشكىل قىلىپ، كەلگۈسى تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

بۈگۈنگىچە ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى ئاتالغۇلارنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ئانچە - مۇنچە تەتقىقات ماقالىلىرى كۆرۈلۈۋاتقان بولسىمۇ تېخى چوڭقۇرلىشىپ كەتمىدى، مۇشۇ ماقالە ئارقىلىق مەنمۇ ئۆز تونۇشۇم ۋە چۈشەنچەم بويىچە بەزى سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە قىسقىچە پىكىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقماقچىمەن.

## بۇدۇك — ئۇسۇل

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تەپەككۇرنىڭ بەدەن ئەزالىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان رىتىملىق سەنئەت تۈرلىرىدىن بىرى «ئۇسۇل» دەپ ئاتىلىدۇ. «ئۇسۇل» لۇغەتتە ئەرەبچە بولۇپ، «ئەسىل» سۆزىدىن كېلىپ چىققان. ئۇ، بىر نەچچە خىل يۆتكەلمە مەنىلەردە كېلىدۇ. مەسىلەن: خىزمەت ئۇسۇلى، مېتود، چارە، تەدبىر، «ناخشا ئۇسۇل» دېگەنلەردەك. بولۇپمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سەنئەت ئاتالغۇلىرى سۈپىتىدە، «ئۇيغۇر ئۇسۇلى»، «ئۇسۇلچى قىز»، «ئۈزۈمچىلىك ئۇسۇلى» «ئۇسۇل كېچىلىكى» قاتارلىق مەنىلەردە ئىشلىتىلمەكتە. ئەرەپ تىلىدا ئۇسۇل «رەقس»، ئۇسۇلچى ئەر «رەققاس»، ئۇسۇلچى ئايال «رەققاسە» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا مۇنداق ئاتالغۇلار يوق. لېكىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا بۇ سۆزلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

«ئۇسۇل» سۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي ۋە جانلىق تىلىدا قاچاندىن بۇيان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

مۇنداق كەڭ تۈردە ئومۇملاشقانلىقىنى ۋاقىت جەدۋىلى بىلەن ئىپتىقلاش [illegible] ئالىم مەھمۇت قەشقىرى ئۆز كىتابىنىڭ فەئۇل (fəul) شەكلىدىكى كىلىك سۆزلەر بابىدا:

بىدىك - büdik بۇدىك - ئۇسۇل، ئوينايدىغان ئۇسۇل① دەپ ئىزاھلايدۇ. دېمەك، XI ئەسىر ئۇيغۇر تىلىدا ئەرەپ، پارس تىللىرىدىن كىرگەن «رەقس، ساما، ئۇسۇل» سۆزلىرى بولماي، بەلكى ئىسمى جىسمىغا مۇۋاپىق بولغان «بۇدىك» ئاتالغۇسى قوللىنىلغان، بۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇشۇ خىلدىكى رىتىملىق سەنئەت تۈرىنىڭ مەزمۇنى، خۇسۇسىيىتى، مىللەت پسىخولوگىيىسىگە ئاساسەن ياخشى قويۇلغان نام. ھازىرغىچە مەكىت، مارالۋېشى، ئاقسۇ - ئاۋات قاتارلىق جايلاردىكى دولان خەلقى ئۇسۇلنى «بۇدىك»، ئۇسۇلچىنى «بۇدىكچى» دەپ ئاتىماقتا. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «فونىما» تەتقىقاتىغا ئاساسلانغىنىمىزدا، «بۇدىك» سۆزىنىڭ يىلتىزى «بۇت» بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «پۇت» مەنىسىنى بىلدۈرگەن. «بۇدىك» سەنئەت خۇسۇسىيىتىنىڭ تەلىپى بويىچە «پۇت ھەرىكىتىنىڭ رىتىملىق سەنئىتى، پۇتنى ئىتتىك قىلىش سەنئىتى، پۇتنى رىتىملىق تېز ھەركەتلەندۈرۈش سەنئىتى» مەنىلىرىدىن كەلگەن دېيىش مۇمكىن. بۇ، ئۇيغۇر ئۇسۇل تارىخىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆپلىگەن تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەرنىڭ ئۇسۇل سەنئىتى تارىخىدا «پۇت مەركەز»، «پۇتنىڭ رىتىملىق، تېز ھەركەت شەكلىنى ئاساس» قىلىش ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغان ئىدى. تارىختىكى بارلىق ئۇسۇللار پۇت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى، كۆچمەن - چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ھەر خىل سەنئەت تۈرلىرىدە ئۆزى بىلەن بىللە ياشاۋاتقان تەبىئەت ئەزالىرى: بۇغا - مارال، ئات - ئۇلاق، جەرەن - كېيىك، دەل - دەرەخ، سۇ - شامال قاتارلىقلارنىڭ تەبىئىي ھەرىكەت خۇسۇسىيەتلىرى ئەلۋەتتە كىشىلەرنىڭ ئىتىنىك سەنئەتلىرىدە ئەكس ئەتمەي قالمايدۇ. شۇڭا پۇت ھەرىكىتى - ئۇسۇل سەنئىتىنىڭ مەركىزى بولغان. «بۇدىك» ئاتالغۇسىمۇ شۇ تەلەپكە ئاساسەن قويۇلغان. XIII ئەسىردىن كېيىن، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا تەسەۋۋۇپ پىكىر ئېقىمىنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىبادەت ھەرىكىتى (ساما) ئاتالغۇسى بولغان «رەقس، ساما، ئۇسۇل» سۆزلىرى ئەرەپ - پارس تىللىرىدىن زورمۇ - زور قوبۇل قىلىنىپ، تارىختىن بۇيانقى ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك مىللىي ئاتالغۇ «بۇدىك» سىقىپ چىقىرىلىپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسا كېرەك. بۇنىڭغا ئوخشاش زورلاپ سىقىپ چىقىرىلغان ئاتالغۇلارمۇ ئاز ئەمەس. بۇ خىل ئەھۋالغا تەن بەرمىگەن ئۇيغۇر «دولان» خەلقى «بۇدىك» ئاتالغۇسىغا مەيلى شەكلى، مەيلى مەزمۇن جە-

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1 - توم، 537 - بەت.

ھەتتىن بۇگۈنگىچە ۋارىسلىق قىلىپ كەلمەكتە... ئابدىقەييۇم نا سىرى① يازغان «فەۋاكەھۇلجۇلەسا» ناملىق كىتابتا ئېيتىلىشىچە، تەخمىنەن XV- ئەسىرلەردە بىر كىشى ئاتىغى چىققان بىر ئۇسۇلچى ئايالدىن:

— خىنىم، سىزنىڭ قول ھۈنىرىڭىز بارمۇ؟ - دەپ سورىغانىدا، سورالغۇچى ئايال ناھايىتى ئېپىنىق قىلىپ:

— يوخسو، مېنىڭ پەقەت پۇت ھۈنىرىم بار - ② دەپ جاۋاپ بەرگەن.

مانا بۇنىڭدىن XV - ئەسىرلەردىمۇ ئۇسۇل ئەزەلدىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان «بۇدىك» پۇت سەنئىتى، «پۇت» مەركەز سەنئىتىنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ھازىرقى كۈندىكى تاتار، باشقىرت، ئەزەربەيجان، تۈرك قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىدىمۇ ئۇسۇلنىڭ «پۇت مەركەز» لىك شەكلى ۋە مەزمۇنى داۋام قىلماقتا. چېركەس - داغىستانچە «راپ-پاك» (گوپپاك)، تاتارچە «ئىدىل دولقىنى» ئانا تولى تۈركچە «قارا دېڭىز» ئۇسۇللىرى پۈتۈنلەي پۇت ھەركىتىگە تايانغان.

ئەمىلىيەتتە «ئۇسۇل «لۇغىتىنىڭ» «رەقس»، «بۇدىك» تانس (دانىسىخ) سۆزلىرىنىڭ مەنىلىرى بىلەن ئانچە ئالاقىسى يوق. ئۆزبەك ئەدەبىي تىلىدا «ئۇسۇل» تولاراق مۇزىكىدا كۈي يۈرۈشىنى باشلاپ بەرگۈچى، رەتكە سېلىش قاتارلىق كۆچمە مەنىلىرىدە كەلگەن③.

1930 - يىللاردىن كېيىن شىنجاڭدا زامانىۋى ناخشا، ئۇسۇل، دىراما تىياتىرلىرى قايتىدىن راۋاجلىنىشقا باشلىغان چاغلاردا «ئۇسۇل» ئاتالغۇسى قوللىنىلماي «ئاياغ ئويۇنى» دەپ يۈرگۈزۈلەتتى. ئۇز ۋاختىدىكى «ئۇيغۇر مەدەنىي ئارقارتىش ئۇيۇشمىلىرى»④ نىڭ تىياتىر سەھنىلىرىدىمۇ، كونسېرت، ناخشا - ئۇسۇل كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغاندا، كولۇپنىڭ ئالدى ۋە رەستە - بازارلارنىڭ ئادەم كۆپ توپلانغان جايلىرىغا «... بۈگۈن ئۇيغۇر ئۇيۇشما كۇلۇبىدا «ئاياغ ئويۇنى» ئۆتكۈزۈلىدۇ»، «تىياتىر قويۇلىدۇ» دەپ ئېلان چاپلاتتى، ھەتتا سەھنە ئېچىلىش ۋاقىتلىرىدا «... قەمبەر خانىم قەشقەرچە ئاياغ ئويۇنى ئويناپ بېرىدۇ» دەپ ئېلان قىلاتتى. بۇنداق ئاتاش تاكى 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋام قىلدى. قانداق سەۋەپتىندۇر، «ئاياغ ئويۇنى» دېيىلگەن

① XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە X X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن ئابدىقەييۇم نا سىرى مەشھۇر تاتار مائارىپچىسى پېداگوك . پەيلاسوپ.

② فەۋا كەھولجولەسا سەنئەت بابى. 130 - بەت.

③ ئۆزبەك ئىزاھلىق لۇغىتى.

④ 1933 - يىل ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ھەر قايسى ۋىلايەتلەرنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مائارىپنى تەرەققى قىلدۇرىدىغان «مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى» قۇرۇلغان.

www.uyghurkitap.com

ئاتالغۇمۇ ئۆنتۇلدى. دېمەك «ئاياغ ئويۇنى» قەدىمدىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ۋە ھازىر دولاندا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «بۇدىك» ئاتالغۇسىنىڭ مەنىداش شەكلى ئىدى.

## چىغاي، كەمبەغەل، تىلەمچى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا جەمئىيەتنىڭ ئەمگەكچى خەلق قىسمىغا مەنسۇپ بولغان، ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇشتىكى مۇھتاجلىقتا ياشايدىغان كىشىلەر «كەمبەغەل»، باشقىلار دىن سەدىقە تىلەپ تۇرمۇش كۆچۈرۈشنى كەسىپ قىلغۇچىلار «قەلەندەر»، «دىۋانە»، «تىلەمچى» دەپ ئاتىلىدۇ. كەمبەغەل، دىۋانە، قەلەندەر ئاتالغۇلىرى پارس - تاجىك تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بولۇپ، كېيىنكى ئىككى سۆزنىڭ ئۆزگىچە خاس لۇغەت مەنىسى بولسىمۇ، ئۇيغۇر جانلىق تىلدا «تىلەمچى» نى بىلدۈرىدىغان كۆچمە مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

قەدىمكى ئورخۇن يادىكارلىقلىرى، «تۈركى تىللار دىۋانى» ۋە باشقا ھۆججەتلەردە «چىغاي» ئاتالغۇسى كۆپ ئۇچرايدۇ. 734 - يىلى كۆك تۈرك قاغانى بىلگە قاغان تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان «كۈلتېكىن» مەڭگۇ تېشىدا: «(10) يوق چىغانى بودۇنۇغ قوب قوبراتىم. چىغانى بودۇنۇغ باي قىلدىم» (10) ئاچ - كەمبەغەل خەلقنى پۈتۈنلەي توپلۇدۇم، كەمبەغەل خەلقنى باي قىلدىم...»① - دەپ يېزىلغان.

مەھمۇت قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا: چىغاي - qiqay - كەمبەغەل. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

koŋül kimiŋ bolsa kali yok qiqay
kilsa küqün bolmas ani tok bay

(كىمنىڭ كۆڭلى ئەگەر كەمبەغەل بولسا،
ئۇنى كۈچ بىلەن باي قىلىپ بولماس)

بۇ، يارىتىلىشتا قەلبىگە گادايلىق سىڭگەن كىشىنى باش قىلىش مۇمكىن ئەمەس» دېگەنلىك② - دەپ ئىزاھلايدۇ. دېمەك «چىغاي» لۇغىتى 552 - يىلى كۆك تۈرك قاغانلىقى قۇرۇلغان دەۋردىن تاكى 1074 - يىلى مەھمۇت قەشقىرى ياشىغان دەۋرگە قەدەر بولغان ھۆججەتلەردە «چىغان، چىغاي» شەكلىدە، ئاچ، يالىڭاچ، كەمبەغەل، قەلەندەر» مەنىلىرىدە ئىستىمال قىلىنغان. ئېھتىمال بۇ ئاتالغۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى ھون تەڭرىقۇتلار دەۋرىدىن، مىلادىيەدىن كېيىنكى كۆك تۈرك

① «كۈلتېكىن مەڭگۇ تېشى تېكىستى» 10- ئابزاس. «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1982- يىل، 1- سان. 111- بەت.

② «تۈركى تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 3- توم، 328- بەت.

دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىمۇ ئىستېمالدا بولسا كېرەك. چۈنكى، ھۇن، كۆكتۈرك ۋە كېيىنكى ئۇيغۇر خاقانلىقلىرى جۇڭگونىڭ شىمالىدا قۇرۇلغان خانلىقلار بولۇپ، ئۇلار خەن، سۈي، تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى بىلەن چوڭقۇر ئالاقە مۇناسىۋەتلەردە بولغان. خەنزۇ تىلىدىن بىرمۇنچە ئاتالغۇلار مەسىلەن: قۇنچۇي (گۇڭجۇ 公主)— مەلىكە. تەرىم ئۇرنىدا، «سانغۇن» (جاڭجۈن - 将军) گېنېرال، يانجۇ ئۇرنىدا) چۆگەن (چىياۋگەن - 敲杆)— كالتەك تۇپ، ئورنىدا قوبۇل قىلىنغان. «چىغاي» ئاتالغۇسىمۇ خەنزۇتىلىدىكى «قەلەندەر»، «تىلەمچى» دېگەننى بىلدۈرىدىغان «چىگەي» (乞丐) ئاتالغۇسىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە قوبۇل قىلىنىشى بولسا كېرەك. چۈنكى، قەدىمكى ئورخۇن، تارىم، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپچىلىك خەلقى كۆچمەن - چارۋىچىلىق بىلەن يايلاق ھاياتىدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردا «قەلەندەر، تىلەمچى» تۇرمۇش شەكلى بولمىغان. «قەلەندەرلىك» خاراكتېرى جەھەتتىن ئادەم كۆپ، شەھەرلەرگە مەركەزلەشكەن، ئولتۇراقلاشقان جايلاردا بولۇشى مۇمكىن. چارۋىچى، كۆچمەن تۇرمۇشىدا كەمبەغەل يوق دېگەن مەنا چىقمايدۇ، لېكىن شۇنداق بىر ئاتالغۇ بولمىغاچقا ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقى قىسمى «چىگەي» (乞丐) سۆزىنى خەنزۇلار رايونىدىن قوبۇل قىلغان بولسا، غەربى قىسمى كەمبەغەل، قەلەندەر، دىۋانە ئاتالغۇلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا تۇتاشقان ئىران ۋە پارسلاردىن قوبۇل قىلغان.

## كەم (كام) - كېسەل

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئورگانىزىمنىڭ نورمال پائالىيىتى بۇزۇلغان، سالامەتلىكىنى يوقاتقان ھالەت «كېسەل» دەپ ئاتىلىدۇ. «كەسەل» ئەرەپ تىلى بولۇپ، پارس تىلىدا «بىمار (Bemar)» دېيىلىدۇ. «كېسەل» ئاتالغۇسىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قاچان تارقالغانلىقىنى ھازىرچە بىرنەرسە دېيىش قىيىن. ئالىم مەھمۇت قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا: «كەم» Kəm - كېسەل. «ئات كەمىلەندى» (ئات كېسەل بولدى). باشقىلاردىمۇ شۇنداق① - دەپ ئىزاھلايدۇ.

پۈتۈن شىنجاڭنىڭ كۆپچىلىك جايلىرىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەھەللى شىۋىلىرىدىمۇ كېسەلنى «كەم» دەپ ئاتاش ئىستېمالدىن قالغان. ئېھتىمال بۇمۇ يۇقىرىدىكى «بۇدلىك» لۇغىتىنىڭ تەقدىرىگە ئوخشاش سىقىپ چىقىرىلغان بولسا كېرەك. لېكىن، تەخمىنەن 600 مىڭ نوپۇسىغا ئىگە تۇرپان، پىچان، توخسۇن رايونلىرىدىكى ئۇيغۇرلار تىلىدا «كام» (Kəm) سۆزى ھازىرغىچە كېسەل مەنىسىنى ساقلاپ،

① «تۈركى تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1- توم 440- بەت.

XI - ئەسىردىكى «كەم» لوغىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن. مەسىلەن، بىر كىشى ئۆزىنىڭ ساقسىز، كېسەللىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن «بۈگۈن بىرنىمەم كام.» ... خانىنىڭ بىر نەمىسى كاملاپ قاپتۇ»، «مېنىڭمۇ سۇجەزىم كام تۇرىدۇ»، دېـ لەردەك قوللىنىلماقتا. گەرچە تۈركى تىل سىستېمىسىنىڭ فونىما قۇرۇلۇشىدا «K» تاۋۇشىدىن كېيىن «a» تاۋۇشى قوللىنىلمايدۇ، دېگەن قانۇنىيەت ئېيتىلىپ كېلىـ ۋاتقان بولسىمۇ، تۇرپان - توخسۇندا بۇ هالدىن ئۆزگىچە «Ka» (Kam) هالىدا ساقلانغان. بۇنىڭ سەۋەبى كەلگۈسىدە ئىنىقلاشقا تېگىشلىك. XI- ئەسىردە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تىللارنىڭ يېنىكى ئوغۇزتىلى، توغرىسى توخسى ۋە ياغما تىللىرى، شۇنىڭدەك ئىلى، ئېرتىش، يامار، ئىدىل ۋادىلىرىدىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تىللىرىدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ پاسا - ھەتلىك تىل خاقانىيە مەركىزى ئۆلكىسىدىكى خەلقنىڭ تىلى ھېسابلىنىدۇ» ① دېگەن تەبىرى بويىچە، قارىغاندا ئىدىقوت ئۇيغۇر تىلى زامانىسىنىڭ ئەڭ توغرا، پاساھەتلىك ساپ تىلى ھېسابلانغان ۋە ئەرەپ - پارس تىللىرى بىلەن ئارىلاشما - غان. شۇڭا بۇلار كېسەل سۆزىنى قوللانماي، بەدەن ئەزالىرىدىكى نورمال پائالىيەت - نىڭ بۇزۇلىشىدىن ساق، پۈتۈن، تولۇق بولغان سالامەتلىك شەرتلىرى كەملەپ، ئازلاپ «كەم (كام)» بولۇشىنى كېسەل مەنىسىدە قوللانغان. بۇخىل ئاتالغۇنىڭ ئېتنىك تۇرمۇشتىكى مەنتىقى قۇرۇلمىسى ئىنتايىن توغرا، ئەقىلغا ئۇيغۇن. «كەم» (كام) ئاتالغۇسىنىڭ قەدىمكى تىلىمىزدىكى كېسەل مەنىسىنى بىلدۈرگەنلىك ئىمـ كانىيىتىدىن ئېلىپ، تۆۋەندە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «زۇكام، پۇسكام» ئاتالغۇلىرىنىڭ ئېتنىك خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ قىياسەن ئىزدىنىپ كۆرىمىز، بۇ، بىر ئىزدىنىش، توغرى بولسا مەقسەتكە مۇۋاپىق، توغرى بولمىسا ئىزدىنىش ئارقىلىق پىكرىمىزنى تولۇقلاش.

ئالىم مەھمۇت قەشقىرى:

«تۇماغۇ» Tumaqu- بۇ، زۇكام -② دەپ ئىزاھلايدۇ؟ دېمەك هازىرقى جانلىق تىلدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «تۇمۇقاپ قالدىم، تۇمۇتىكىپ قاپتۇ» دېگەن جۈملىلەردىكى «تۇمۇ» سۆزى، «تۇماغۇ» سۆزىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ، دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن شەكلى دەپ چۈشىنىمىز. لېكىن مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «خاقانىيە» تىلىنى ئاساس قىلغان «تۈركى تىللاردىۋانى» دىكى بارلىق سۆزلەر شۇ دەۋردىكى پۈتكۈل ئۇيغۇر تىلى ياكى پۈتۈن تۈركى تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر تىللىرىدىكى لوغەتلەرنىڭ جەمئىي ئەمەس، ئالىم ئۆز ئەسىرىنىڭ كىرىش قىسمىدا:

---

① «تۈركى تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1 - توم، 40 - بەت.

② تۇماغۇ - «تۈركى تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1- توم، 583 - بەت.

«...سۆزلەرنى ئاسان تېپىشنى ۋە كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى نەزەردە تۇتۇپ ئىخچاملاشتۇردۇم. ئىشلىتىۋاتقان سۆزلەرنى ئالدىم، ئىشلىتىلمەيدىغانلىرىنى تاشلىدىم»① دېگەن ئىبارىسىدىن قارىغاندا ئۆز دەۋرىدىن بۇرۇنقى ئارخائىزم (ئىستېمالدىن قالغان) بولۇپ كونىرىغان سۆزلەرنىڭ قالدۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا هازىرقى زامانغىچە يېتىپ كەلگەن بەزى سۆزلەرمۇ دىۋاندا بولماسلىقى مۇمكىن.

«زۇكام» گەرچە ئەرەبچە لۇغەتلەردە «زەكەمە» سۆزىدىن كەلگەن، شامال تەككەن كېسەلنى بىلدۈرىدىغان سۆز دەپ ئىزاهلانغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدا ئەرەبچىگە ئوخشاپ كېتىدىغان مۇنداق بىر هادىسە بار. «كەم» هازىرقى تۇرپان شىۋىسىدە «كام» تەلەپپۇز قىلىنىپ كېسەلنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ بولغانلىقتىن دولان - مەكىت، يوپۇرغا شىۋىسىدە «چوڭ» يوغان كاتتا سۆزلىرى «زور»، جانلىق تىلدا «زو» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن، يوپۇرغا شىۋىسىدە چوڭ ئانا دېگەننى «زونا»، «زونام »، چوڭ دادا، چوڭ دادام دېگەن سۆزنى «زودام، زودا» ئاتايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا «زۇكام» سۆزى، «كېسەلنىڭ چوڭى، كېسەلنىڭ بېشى» دېگەن مەنىدىن قورۇلغان ياسالما سۆز بولىدىغان بولسا، ئۇ هالدا XI ئەسىردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەجدادلىرى بۇ كېسەلگە ئىنتايىن توغرا، ئىلمىيلىققا ئۇيغۇن بولغان ئات ۋە دىئاگنوز قويغان بولىدۇ. چۈنكى، هازىرقى زامان تېبابەت ئىلمىدە بۇ كېسەلگە كۆپلىگەن كېسەللەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى باشلىنىش كېسەلنىڭ بېشى دەپ قارايدىغان ئىلمىي يەكۈنگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

بىر مىللەتنىڭ جانلىق تىلدا مەۋجۇت بولغان بەزى ئاتالغۇلار باشقا مىللەت تىلىدىكى بەزى ئاتالغۇلار بىلەن شەكلى ياكى مەنە جەهەتتىن بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئەهۋاللارمۇ بار. مەسىلەن: ئەرەبلەر شەهەرنى «بەلەدە» دېسە، ئۇيغۇرلار «بالىق» دەپ ئاتىغانغا ئوخشاش. ئالىم مەهمۇت قەشقىرىمۇ بىر نەچچە لۇغەتلەرنىڭ ئەرەب، پارس لۇغەتلىرى بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. شۇڭا بىزگە مەلۇم بولغان ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى لۇغەت كىتابلىرى تولاراق ئىزاهلىق ياكى ئادەتتىكى لوغەت كىتابلىرى بولۇپ، ئۆزتەركىۋىگە ئالغان هەر بىر لۇغەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئېتىمولوگىيىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدىغان ئەهۋاللار كەم ئۇچرايدۇ.

يېقىندىن بۇيان يەرنامىلىرىنىڭ تەزكىرىلىرىنى يېزىش جەريانىدا بەزىلەر «پوسكام» ئاتالغۇسىغا تەبىر بېرىپ: «پوسكام»، «پوس كايان» سۆزىدىن ئۆزگەرگەن. چۈنكى، بۇ يەردە كايان قەبىلىسى ياشىغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان، دەيدۇ. بۇ گەپ ئۈستىدىمۇ بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، «كايان» پارس تىلى بولۇپ «كەي»

① «تۈركى تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1- توم، 6- بەت.

www.uyghurkitap.com

سۆزىنىڭ كۆپلۈكى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى ئىراندا ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن «كەي» سۇلالىسىنىڭ نامى. ئۇنىڭ «كەيكاۋۇس، كەيقاباد، كەيخىسراۋ قاتارلىق شاھلىرى ئۆتكەن. «كايان»، «كايانىيان» سۆزلىرى پارس تىللىرىدىكى ئەشۇ «كەي» سۆزى بىلەن باشلىنىدىغان شاھلارنىڭ كۆپلۈك سانىنى بىلدۈرگەن. شۇڭا پوسكامدا پارسلارنىڭ «كەي» سۇلالىسىغا مەنسۇپ خەلقلەر ياشىغانلىقى ھەققىدە تارىخىي پاكىت بولۇشى كېرەك.

رېئاللىققا يېقىنراق پەرەز شۇكى، ئۇيغۇر تىلىدا «كەم (كام)» سۆزى كېسەل مەنىسىنى بىلدۈرگەن بولسا، «پۇس» سۆزى ئاساسەن «يەل» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «قورسىقىنى پوسكايتتى»، «قوۋزوقىنى پۇسكايتما» دېگەن جۈملىلەردىكى «پۇس» سۆزى، يەل تولماق، دومبايتماق، يەلتۇلدۇرۇپ كۆپتۈرمەك مەنىلىرىدە كېلىدۇ. شۇڭا، يەركەن دەرياسىنىڭ بىر تۈرلۈك مىنرال (يود ماددىسى) يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن پەيدا بولغان «پوقاق» كېسىلىنىڭ «يەل كېسىلى» (پۇس كام) نامى بىلەن ئىككىنچى تۈرلۈك ئاتىلىشىمۇ قانداق؟ بۇنىمۇ ئويلۇنۇپ بېقىشقا تېگىشلىك. مەيلى پوسكام، زۇكام ۋە باشقا ئاتالغۇلار بولسۇن ئېتىمولوگىيىسىنى تەكشۈرۈشتە يەرلىك خەلقنىڭ ئىتنىك مۇناسىۋەتلىرى بىلەنمۇ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە توغرى كېلىدۇ.

## سۇناي، كارناي

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «نەي، سۇناي، كارناي، بالامان» قاتارلىق بىر نەچچە خىل پۈدەپ چالىدىغان ساز قۇراللىرى بار. «نەي»ئەسلى پارس تىلى بولۇپ «قومۇش» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق كېسىپ، تۆشۈك ئېچىپ ياسالغان، پۈدەپ چالىدىغان ساز قۇرالىمۇ «نەي» دەپ ئاتىلىدۇ. باشقا يۆتكەلمە مەنىلەردىمۇ قوللىنىلىدۇ.

مەشھۇر پارس شائىرلىرىدىن بىرى نەي ساداسى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

بىشنەۋ ئەز نەي ھىكايەت مىكۇنەد،
ئەزجۇدائى ھاشكايەت مىكونەد.
ئەز نەيىستان مارا بىبورىدە ئەم،
ئەزنە پىرەم مەردو - زەن نالىدە ئەم.
(قولاق سال، نەي نىمىدىن ھىكايەت قىلىدۇ:
مېنى قومۇشلۇقتىن كېسىپ (يۇرت - ماكانىم، ئەل،
دوسلىرىمدىن) ئايرىشتى. مېنىڭ ئىڭراق ئاۋازىم
جۇدالىق، ئايرىلىشتىن شىكايەتتۇر. شۇڭا، مېنىڭ

ئاۋازىمنى ئاڭلىغان ئەر - ئايال (يار - مەھبوب) لار

ھەسرەت بىلەن نالە - زار قىلىشىدۇ.)

ئالىم مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ فەئەلئەل سۆزلەر بابىدا:

سىبىزغا - sibizqa - نەي① دەپ ئىزاھلايدۇ. دېمەك XI ئەسىردە «نەي» ئاتالغۇسى پارسلاردىن تېخى قوبۇل قىلىنمىغان بولسا كېرەك. ياكى پارس تىلىدىن ئارىلاشقان سۆزلەر دىۋانغا كىرگۈزۈلمىگەن.

ھازىرقى كۈندە، توي - تۆكۈن، ھېيت - بايرام، سەھنە تىياتىرلىرىدا پۈدەپ چېلىنىدىغان ساز قۇراللىرى سۇناي؛ ھەربىي قىسىملاردا ئەسكەرلەرنى مەشغۇلاتقا چاقىرىش، سەپەرۋەرلىك، بۇيرۇق، قوماندانلىق ئىرادىسىنى ئېلان قىلىدىغان قۇرالنى «كارناي» دەپ ئاتىماقتىمىز. بۇ ئىككى ئاتالغۇ ھەققىدىمۇ خۇددى يۇقىرىدىكى ئىككى ئاتالغۇغا ئوخشاش ئىزدىنىپ كۆرۈشكە توغرى كېلىدۇ. ھۆكۈم قىلىپ مۇقىملاشتۇرمىغان تەقدىردىمۇ ئىمكانىيەت قالدۇرۇپ پىكىرلىشىشنىڭ زىيىنى بولمىسا كېرەك.

قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئەسكەرنى «چېرىك»، ھەربىي قوشۇن، ئارمىيىنى «سۇ» دەپ ئاتىغان ئىدى. خۇددى ھازىرقى كۈندىكىگە ئوخشاش ھەربىي قوشۇنلارنىڭ ئۆزىگە خاس مۇزىكىسى، ناخشىسى، ساز قۇراللىرى بولغان. مەھمۇت قەشقەرى ئۆز كىتابىنىڭ بىر قانچە ئورنىدا «جەڭ دۇمباقلىرى سوقۇلغاندىن كېيىن ... خان دۇمبىقى ئۇرۇلغاندا ...» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ئىزاھلاش سۆزلىرىدە كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭدەك «سۇ» - su «قوشۇن، ئەسكەر» ② دەپ ئىزاھلايدۇ. ئىزاھلاش سۆزلىرىدە «تۈرك سۇسى ئاتلاندى» (تۈرك ئارمىيىسى ئاتلاندى) دەپ مىسال كەلتۈرىدۇ. مۇشۇ نۇقتىلارغا ئاساسلانغاندا، «سۇناي» ئەسلىدە «سۇ نەي» بولۇپ، ھەربىيلەرنىڭ يۈرۈش - تۇرۇش، مەشغۇلات، جەڭ مەيدانلىرىدا قوشۇنلارنى قوماندىغا چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان «ھەربىي نەي» (ئەسكىرى نەي) ئىدى - دەپ چۈشۈنۈشكە بولامدۇ.

كارناي - بولسا تەل - تۆكۈس پارسى بولۇپ، خان تەرىپىدىن پۇخرالارنى ئىش - ئەمگەك، سېپىل سوقۇش، دەريالارغا توغام باغلاش، پادىشالىق ھاشاركۈنلىرى ئۇلارنى ئىش - ئەمگەككە چاقىرىپ، ئىشقا چىقىش، ئىشتىن چۈشۈش، ئارام ئېلىش، شەھەر - يېزىلاردا ئېلان توۋلاش قاتارلىق پائالىيەتلەردە قوللىنىلىدىغان ئىش قورالى بولغان «كارنەي» ئەسلى «كارناي» بولسا كېرەك. «كار» ئاتالغۇسى پارس

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1- توم، 636- بەت.

② «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 3- توم 288- بەت.

www.uyghurkitap.com

تىلىدا ئىش، ئەمگەك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بىراق كېيىنكى زامانلاردا بۇ قۇراللارنىڭ ئىشلىتىلىش مەزمۇنى ئۆزگەرگەن. قەدىمكى زامانلاردا ھەربىي قوشۇنلاردا ئىشلىتىلىدىغان «سۇناي» (ھەربىي نەي) كېيىنكى زامانلاردا خەلق ئاممىسىنىڭ سەنئەت، كۆڭۈل ئېچىش كۈنلىرىدە ئىشلىتىلىدىغان ساز قۇرالىغا ئايلانغان. ئىش - ئەمگەكتە ئىشلىتىلىدىغان «كارنەي» كارناي ئاتىلىپ ھەربىي قوشۇنلارنىڭ قوماندا قۇرالىغا ئايلانغان. بۇ، زامان ۋە شارائىت تەقەززاسىغا ئاساسەن شۇنداق ئورۇن ئالماشتۇرۇپ قوللىنىشقا توغرا كەلگەنمۇ، بۇ بىر خىل قاراش.

## ئارتۇچ — ئاتۇش

ئاتۇش - جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 26917 ئائىلە، 132492 نوپۇسلۇق بىر مەمۇرى ناھىيە.

ئالىم مەھمۇت قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا: «ئارتۇچ - ئارتۇچ دەرىخى. قەشقەردە ئارتۇچ ناملىق ئىككى يۇرت بار.»① دەپ ئىزاھلايدۇ.

ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلىشى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپى قەشقەر - قورغان، تۇتۇرگە يېزىسى ۋە سۇغۇن قاراۋۇلدىن باشلىنىپ② شەرق تەرىپى پەيزىۋات ناھىيىسىگە تۇتاشقان كالتايايلاق يېزىسىغا قەدەر سوزۇلغان تەخمىنەن 70 كىلومېتىر مۇساپىدىكى بىرجىلغا، ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپى قەشقەر، قورغان، قاز ئېرىق، چومبوس، سوزاق، بورچا يېزىلىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان، غەرىپتىن شەرققە سوزۇلغان قومالتاغ③ بىلەن غەربىي شىمال تەرىپى تارىختا مەشھۇر ئارغۇلار④ تاغ تىزمىسى بىلەن ئورالغان.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ئەجداتلىرى ئاساسەن، ئىككى ئوگوز (ئىككى دەريا ئارىسى - تىرانس ئوكسوس) بىناكەت، ياپەنچ سەھرالىرى، سۇغا يېقىن يايلاقلار، بوستانلىقلاردا ياشىغاندىن باشقا، تەبىئىي شارائىتى ئۆزگىچىرەك بولغان دارا، جىلغا، قاڭق (قاڭقىل)، تاغ ئارىسىدىكى گىرابىنلاردا ياشاشنى ئەۋزەل كۆرگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا مۇشۇنداق تەبىئىي شارائە-

---

① «تۈركى تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1- توم 128- بەت.

② مەھمۇت قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانىدا» ئۈچ بۇرخان دەپ كۆرسەتكەن تارىخى جايمۇ مۇشۇ يەردە.

③ قەدىمكى تۈركى تىلدا، يېشى كونا، كىيا ئۆسمەيدىغان، قۇم - توپىغا ئايلانغان قېرى تاغلارنى «قۇمالتاغ» دەپ ئاتىغان.

④ مەھمۇت قەشقىرى: «ئارغۇ - arqu - ئىككى تاغ ئارىسى. بۇنىڭدىن ئېلىپ ئىراز (تالاس) بىلەن بالا ساغۇن ئارىسىدىكى شەھەرلەرمۇ «ئارغۇ» دېيىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىككى تاغ ئارىسىدا» - دەپ ئىزاھلايدۇ. «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- توم، 172- بەت.

تى ئۆزگىچە بولغان دارا، جىلغا، قاڭقىلارنىڭ سانى خېلى بار. تۇرپان، پىچان ئارىلىقىدىكى مەشھۇر يالقۇنتاغنى كېسىپ ئۆتكەن بەش جىلغا① (ئاغىز)، ئارتۇچ، ئوپال (مەھمۇت قەشقىرى ئوپالدىكى تۆت جىلغىنىڭ بىرى «قارا جىلغا» بويىدا تۇغۇلغان)، ئاقسۇدىكى كەلپىن، خوتەن ئالتۇنتاغ ئارىلىقىدىكى ئىلچى، لاگرۇ، پۇپۇنا، پۇچۇي قاتارلىق جايلار مانا شۇلار جۈملىسىگە كىرىدۇ. بۇنداق جايلار بىر - بىرىدىن پەرقلىق، باشقا جايلاردىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان تۇپراق، ھاۋا، سۇ، ئېكولوگىيەلىك جەھەتتىن ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. بۇ جايلار-نىڭ سۈيى مول، تۇپرىقى مۇنبەت، تۇرمۇشقا قولايلىق بولۇپ، مەلۇم بىر مۇھىم مەھسۇلاتقا مەركەزلەشكەن. تەبىئىي شارائىت مال - چارۋىلىرى، ئادەملىرى جانلىق، ھەركەتچان بولۇشتەك سەگەك خۇسۇسىيەتلەرنى يېتىشتۈرگەن. تارىخىي رىۋايەت-لەرگە قارىغاندا، قەدىمكى ئارتۇچ جىلغىسىدا دۇنيادا كەم تېپىلىدىغان، رەڭگى قارا - پورەك، ئۇستىخان قۇرۇلمىسى ئىنتايىن مەھكەم، چىداملىق، تەز سۆگۆت② (قارىغاي) تىپىغا يېقىن بولغان ھەيۋەتلىك ئارتۇچ دەرىخى ئورمانزارلىقى بار ئىكەن، بۇ دەرەخنىڭ تۈز ۋە سىلىق شاخلىرىدىن ھەربى قوشۇنلارغا ئوقيا، نەيزە، قىلىچ سېپى، ئىگەر جابدۇق، ھەربى ئۇرۇش ئەسلىھەلىرى، ھارۋا ئوقلىرى، ئائىلە ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى ياسىلىدىكەن. قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئالدى - كەينىدە بۇ جايدىكى دەرەخلەر زور مۇھاپىزەت رايونى، پادىشا، خانزادىلارنىڭ سەيلىگاھى، سىرتتىن كەلگەن ئەۋلىيا - ماشايىخلارنىڭ قارار گاھى بولغان ئىكەن. يەھۇدى ئەپسانىلىرىدا ئېيتىلغان دەرەخلەر شاھى سىدرە③، رىدە، چىنار قاتارلىق ھۆرمەتكە سازاۋەر دەرەخلەرگە ئوخشاش ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بولغان ئارتۇچ دەرىخى تۈرلۈك سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ياخشى پەرۋىش قىلىنماي نەسلى قۇرۇپ كەتكەن. ھازىرقى كۈندە، ئارتۇچ دەرىخىنىڭ ئارتۇچ جىلغىسىدا نەسلى قالمىغان بولسىمۇ، مەھمۇت قەشقىرى ئىزاھلاپ كۆرسەتكەن ئىككى يۇرتنىڭ نامى «ئۇستۇن ئاتۇش» ۋە «ئاستىن ئاتۇش» دەپ ئاتالماقتا. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە «ئالتىن ئاتۇش» دېيىل-گەن بولسىمۇ توغرا ئەمەسلىكى مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «ئاستىن» سۆزى بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، قارغىلىق ناھىيىسىنىڭ ئىككى يۈز كىلومېتىر مۇساپىدىكى تاغ ئارىسى چىپان يېزىسىدا «ئاتۇش دەرىخى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەرەخ بارلىقى مەلۇم. بىز ئۇنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولمىدۇق، ئۇ، راستىنلا قە-

① بۈيلۈق ئېغىزى (ھېشى بۈيلۈق، ئايىغى باغرى). سىڭگىم ئېغىزى، تۈيۈق ئېغىزى. سىركىپ ئېغىزى، يارغول ئېغىزى.

② قەدىمكى تىلدا، ھەممىشەكۆك چۈشمەيدىغان، تەسكەيدە ئۆسىدىغان قارىغاي دەرىخى «تەز سۆگۆت» يەنى «تەسكەي سۆگىتى» دەپ ئاتالغان.

③ ئوتتۇرا ئەسىردە كۆپلىگەن شائىرلارنىڭ مەدھىيىسىگە ئېرىشكەن ئىلاھى دەرەخ.

دىمەكى «ئارتۇچ» دەرىخىنىڭ نەسلىدىنمۇ، بۇ ئېنىق ئەمەس، لېكىن «ئارتۇچ» دەرىخىنىڭ يېقىن قېرىنداشلىرى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بار. مەسىلەن، ئارمۇدۇن ـ كۆركەم گۈللۈك دەرەخ بولۇپ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئاز قالغان. ئارچا ـ خۇش پۇراخلىق، قارىغاي تىپىدىكى يىڭنە يوپۇرماقلىق دەرەخ بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى تاغلىرىدا ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ شاخ، غوللىرىنىڭ تېبابەتچىلىكتە دورىلىق رولىمۇ بار.

دىمەك، ئارتۇچ، ئارمۇدۇن، ئارچا سۆزلىرىنىڭ ئالدىدىكى «ئار» سۆزى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىزاھىدا «پوررەك» نى بىلدۈرىدىغانلىقى سۆزلەنگەن. «اار - (ار- ئار)» ئارنەك (arnan) - پوررەك نەرسە. بەزىدە قوشۇمچە قوشۇلۇپ «arsaj» مۇ دېيىلىدۇ»① - دەپ ئىزاھلايدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا رىۋايەتتىكى قارارەڭلىك دېگەن تەرىپكە يېقىن كېلىدۇ. ئارچا، ئارمۇدۇن دەرەخلىرىنىڭ رەڭگىمۇ ھەقىقەتەن پوررەڭگە مايىل ياكى پوررەڭدە.

«ئارتۇچ» سۆزىدىكى «تۇچ» قا كەلسەك، مەھمۇت قەشقەرى «تۇچ» سۆزىنى مېتال جىنسىدىكى «تۇچ» دەپ ئىزاھلايدۇ، بۇنىڭدىن «ئارتۇچ» دەرىخى «تۇچتەك چىڭ پوررەڭلىك دەرەخ» دېگەن مەنىنى ئاڭلايمىز. بۇ مەملىكىتىمىزدە غولى، جىسمى، ئىنتايىن قاتتىق «چىڭ گاڭمۇ» (青钢木) دېگەن دەرەخقە ئوخشايدۇ. «ئارتۇچ» دەرىخىنىڭ مۇشۇنداق پوررەڭلىك، تۇچقا ئوخشاش نام بىلەن ئاتىلىش ئېتىمولوگىيەسىنى تەكشۈرگەندە، ئەلۋەتتە شۇ يۇرت ئورمان جىلغىسىدا ياشاپ كەلگەن قەدىمكى ئاتۇش خەلقىنىڭ ئېتنىك خۇسۇسىيەتلىرى، ماكانلىشىش تارىخى ۋە بۇ يۇرتتا ھازىرغىچە مەلۇم بولىۋاتقان ئارخېئولوگىيەلىك ئىزلار، خارابە قالدۇقلىرى، ئىككى يۇرتتىكى يېزىلارغا قويۇلغان «ئىكساق» «قايىراق»، «ئازاق»، «تىجەن» قاتارلىق نامىلىرىنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى، بۇ يۇرتقا دەپىن قىلىنغان قاراخانىلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان شاھى سۇلتان ستوق بۇغراخان قەۋرىسىنىڭ مەشھەد يېزىسىدا بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى، ئەبۇنەسىر سامانى (ۋاپاتى 940 - يىللار)، شەيخ ھەبىبى (تاجىك) قاتارلىق كىشىلەرنىڭمۇ ئاتۇش يېزىلىرىدا دەپىن قىلىنىش سەۋەبلىرىنى تەكشۈرۈپ يورۇتۇشقا توغرى كېلىدۇ.

## مۇۋرا ـ بۇت

ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە تامغا كىرگۈزۈپ ياسالغان ئوچاقلارنىڭ ئۆگزىدىن ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان تۈت قىرلىق مورىسى بار. شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ بەزى

① «تۈركى تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1 - توم، 109 - بەت.

# لوگىكا، گراممатىكا ۋە ئىستىلىستىكىنىڭ مۇناسى-
# ۋىتى توغرىسىدا

رازاق مەتنىياز

لوگىكا، گراممатىكا ۋە ئىستىلىستىكا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت دېگىنى-مىز تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇشى بىلەن تىلنىڭ ئىپادىلەش شەكىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، تىلنىڭ قائىدە-قانۇ-نىيەتلىرى بىلەن تەپەككۇرنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت-نى، تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن تىلنىڭ ئىپادىلەش شەكىللىرىنىڭ ئۆز-ئارا ئۆتۈشۈشى قاتارلىق مۇناسىۋەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

تەپەككۇر شەكىللىرى دېگەن ئۇقۇم ھۆكۈم ۋە خۇلاسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ قۇرۇلمىسى دېگەن ئۇقۇم، ھۆكۈم، خۇلاسىلەرنىڭ تەشكىل-لىنىش جەريانىدىكى ئورتاق فورمىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرى بولسا توغرا تەپەككۇرنى ئۇيۇشتۇرۇشتا رول ئوينايدىغان

---

جايلىرىدا مەسىلەن، قەشقەردىكى قورغان يېزىسىدا «مورتۇم» تۇرپاندا «مورتۇق» دېگەن جايلار بار. «مور»، «مورا» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى تەكشۈرسەك، ئۇنىڭ سانسكرىت تىلىدىكى «مۇۋرا» يەنى بۇت، راۋاق مەنىسىدىكى سۆزدىن كەلگەنلىكى مەلۇم، قەشقەر بەشكېرەم «خان ئۆي» خارابىسى يېنىدا ئىككى مىڭ يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە «مۇۋراتۇر» ناملىق مۇنار، (پوتەي) بار. ئۇنىڭ قالدۇق ئىزى ھازىر-غىچە ساقلانماقتا.①

«مۇۋرا» - بۇت، راۋاق مەنىسىنى بىلدۈرگەن ئىكەن، خەنزۇ تىلىدىكى «مياۋ»(庙) سۆزىمۇ سانسكرىت تىلىدىكى «مۇۋرا» (بۇت) سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولسا كېرەك. خان ئۆيدىكى «مۇۋراتۇر» نىڭ خەنزۇ تىلىدا «مورتا (莫尔塔) دەپ ئاتالغىنىغا قاراپ «تا» «塔» سۆزىنى ئۇيغۇر تىلىدىكى «تۇر» سۆزىدىن ئېلىنغان، مورتۇم، مورتۇق سۆزلىرىمۇ «مۇۋراتۇر» دىن ئۆزگىرىپ تەلەپپۇز قىلىنغان دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن.

① «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى»، 1985 - يىل، 4 - سان، مۇقاۋىسىنىڭ 4 - بېتىدىكى رەسىم.

www.uyghurkitap.com

قائىدە-قانۇنىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەسىلىلەر لوگىكىنىڭ مەزمۇنلىرى. تىلنىڭ ئىپادىلەش شەكىللىرى دېگەندە، سۆز، سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملىلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇلار گىراماتىكىنىڭ مەزمۇنلىرى. ئىستىلىستىكا سۆز، سۆز بىرىكمىسى، جۈملە قاتارلىق تىلنىڭ ئىپادىلەش شەكىللىرى ھەركەت ھالىتىگە ئۆتكەندە بارلىققا كېلىدۇ. بىز تۆۋەندە مۇشۇ شەكىللەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئۇقۇم سۆزگە تايىنىپ شەكىللىنىدۇ، سۆز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇقۇم سۆزنىڭ مەزمۇنى، سۆز ئۇقۇمنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى. ئۇقۇم ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىلىرىنىڭ ئىنكاسى بولغاچقا، تىلدىكى مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن باغلىغۇچىلارلا ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ، باشقا ياردەمچى سۆزلەر ئۇقۇمنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. ياردەمچى سۆزلەر تىلدىكى سۆزلەرنى تەشكىللەش، تىلغا بەلگىلىك تۈس بېرىش قاتارلىق روللارنى ئوينايدۇ. ئۇقۇم ھۆكۈمنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي ئامىل. سۆز جۈملىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي ئامىل. سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئۇقۇمنى ئەكس ئەتتۈرسە، ئۇنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىسى سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇقۇمنىڭ مېغىزى ۋە ھەجمى بولىدۇ، ھەرقانداق بىر مۇستەقىل سۆز لۇغەت تەركىبىدە تۇرغاندا، ئۇقۇمنىڭ مېغىزى ۋە ھەجمىگە ۋەكالىتەن قىلىپ ئومۇمىي ھالەتتە (تۇرغۇن ھالەتتە) تۇرىدۇ. مەسىلەن: «ۋەتەن» دېگەن سۆزنى ئالساق، بۇ سۆز ئۆزى ئىپادىلىگەن ئۇقۇمنىڭ مېغىزى بىلەن ھەجمىنى بىرلىكتۈرۈپ، ئومۇمىي بىر تۇرغۇن ھالەتتە تۇرىدۇ. سۆز-تاۋۇش ۋە مەنىنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت بىر پۈتۈن شەكىل بولۇپ، ئۇ، كونكرېت قۇرۇلمىغا ئىگە. ئۇيغۇر تىلىدىكى سەككىز سوزۇق تاۋۇش ۋە 24 ئۈزۈك تاۋۇش ئۆز-ئارا قوشۇلۇپ ھەر خىل بوغۇملارنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر ئەنە شۇ بوغۇملارنىڭ ئۆز-ئارا بىرىكىشى ئارقىسىدا بارلىققا كېلىدۇ. بىز سۆزلەرنىڭ مۇشۇ خىل ئۇيۇشۇش شەكلىنى سۆزلەرنىڭ شەكىل قۇرۇلمىسى دەيمىز. مەسىلەن، «ئا»، «تا»، «نا» بوغۇملىرى ئۇيۇشۇپ «ئاتا»، «ئانا»، «تانا»، سۆزلىرى بارلىققا كېلىدۇ. سۆزلەرنىڭ مانا مۇشۇ خىل مەۋجۇت فورمىلىرى سۆزنىڭ قۇرۇلما شەكلى بولىدۇ. سۆزلەرنىڭ دەل مۇشۇ خىل شەكىل قۇرۇلمىسى ئۇقۇمنى كونكرېت بىر تىلغا گۆش بىلەن قاندەك بىرىكتۈرۈپ بېرىش ئارقىلىق ئۇقۇمنى شەكىلگە ئىگە قىلىدۇ. سۆزنىڭ بۇ خىل كونكرېت شەكىل قۇرۇلمىسى مىللىي تۈسنى نامايەن قىلىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ خىل كونكرېت شەكىل قۇرۇلما نىسبىي تۇراقلىققا ئىگە بولىدۇ، بۇ خىل نىسبىي تۇراقلىق ئۇقۇمنى نىسبىي تۇراقلىققا ئىگە قىلىدۇ. بۇ خىل نىسبىي تۇراقلىق كىشىلەرنى شەيئىلەرنى بىلىش ۋە ئىگەللەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. لوگىكىنىڭ

ئەينىيەت قانۇنىيىتى بىلەن زىددىيەت قانۇنىيىتى مۇشۇ خىل نىسبىي تۇراقلىق ھالىتىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

سۆزنىڭ بۇ خىل شەكىل قۇرۇلمىسى شەيئى بىلەن بىۋاستە باغلانمايدۇ، سۆز ئۆزىنىڭ قۇرۇلما تەركىبى ئىچىگە ئالغان ئۇقۇم ئارقىلىق شەيئى بىلەن باغلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، «ئادەم» دېگەن سۆزنى ئالغاندا، ئۇيغۇر تىلىدىن خەۋىرى بار كىشى چۈشىنىدۇ، خەۋىرى يوق كىشى ئۇنى چۈشىنىش تۇرماق، ھەتتا ئۇنىڭ قانداق تاۋۇشلار ئىكەنلىكىنىمۇ پەرق ئېتەلمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەپى شۇ سۆز قۇرۇلمىسى بىلەن بۇ قۇرۇلما ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇقۇمنى بىلمىگەچكە، ئۇ «ئادەم» دېگەن شۇ شەيئى بىلەن شۇ سۆزنى باغلاپ ئالالمايدۇ. شۇڭا، ئۇقۇم شەيئىگە نىسبەتەن بىر خىل شەرتلىك بەلگە بولسا، سۆز ئۇقۇمغا نىسبەتەن يەنە بىر خىل شەرتلىك بەلگە بولىدۇ.

ئۇقۇم ئىنسان بىلىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇقۇمنىڭ ھەرىكىتى مۇنداق ئىككى جەھەتتە كۆرۈلىدۇ:

بىرىنچىدىن، ھەم ئوبيېكتىپ خاراكتېرگە ھەم سۇبيېكتىپ خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. ئۇقۇم ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ كىشى مېڭىسىدىكى ئىنكاسى بولغاچقا، ئۇ ئوبيېكتىپ خاراكتېرگە ئىگە، ئۇ، ئىنسان مېڭىسىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، سۇبيېكتىپ خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇقۇم سۇبيېكتىپ خاراكتېرگە ئىگە بولغاچقا، ئۇ ھامان كىشىلەرنىڭ بىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى بىلىشى ئۈزلۈكسىز ھالدا يۈزەكىلىكتىن چوڭقۇرلۇققا، بىر تەرەپلىمىلىكتىن كۆپ تەرەپلىمىلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ، نەتىجىدە ئۇقۇممۇ مۇناسىپ ھالدا يۈزەكىلىكتىن چوڭقۇرلۇققا، بىر تەرەپلىمىلىكتىن كۆپ تەرەپلىمىلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، كىشىلەر بۇرۇن تەپەككۇر دېگەن نەرسىنى ئادەم مېڭىسىنىڭ مەھسۇلى دەپ بىلمەي، ئادەم قەلبىنىڭ مەھسۇلى دەپ بىلگەچكە «كۆڭلۈمدە ئويلايمەن»، «يۈرىكىمدە ساقلايمەن» دەپ ئېيتىشقان. ھازىرقى كۈندە كىشىلەرنىڭ بىلىشى چوڭقۇرلىشىپ، تەپەككۇر «كۆڭۈل» دە ئەمەس، چوڭ مېڭىدە ھاسىل بولىدىغانلىقىنى بىلدى. شۇ سەۋەپلىك «كاللىسى ئىشلەيدۇ»، «ھەر كاللىدا بىر خىيال»، «كاللامغا بىر خىيال كىرىۋالدى» دەيدىغان بولدى. ئۇقۇم ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىپ ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ، بىراق سۆز شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ. مەسىلەن، «ئادەم — ئادەم ئاتىنىڭ بالىلىرى» دېگەن ئۇقۇم بىلەن «ئادەم — تەپەككۇر ۋە تىلغا ئىگە مەخلۇق» دېگەن ئۇقۇملار شۇنچە ئوخشاشماسلىقىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ سۆز شەكلى يەنىلا «ئادەم» ھەرىكەت قىلىپ تۇرغان ئۇقۇمغا نىسبەتەن شۇ ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان سۆز شەكلىنىڭ مۇنداق تۇراقلىق

ھالىتى تىلدا سۆزنىڭ چەكلىك بولۇشىنى، ۋە كۆپ مەنىلىك، مەنىداش سۆزلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تىلدىكى بۇ خىل ھادىسە سۆزنىڭ ئىستىلىستىكىلىق رولىنى، گراماتىكا جەھەتتە سۆز مەنىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خىل ھادىسە يەنە ئەينىيەت قانۇنىيىتى بىلەن زىددىيەت قانۇنىيىتىنىڭ تەلپىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۇقۇم ھەركىتى مۇقەررەر ھالدا يېڭى-يېڭى ئۇقۇملارنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ خىل يېڭى شەكىللەنگەن ئۇقۇملارنىڭ بەزىلىرى ئەسلىدىكى سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنسە (بۇنى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتتۇق)، بەزىلىرى سۆزلەرنى ئۆز-ئارا بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ.

بۇ خىل يېڭى ئۇقۇملار شەيئىلەرنىڭ يېڭى-يېڭى بەلگىلىرىنى بىلىش ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. بۇ خىل بىلىپ يېتىلگەن يېڭى بەلگىلەر شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەيئىلەرنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى بەلگىلىرى زامان، ماكان، سۈپەت، شەكىل، ھەرىكەت جەھەتتىكى بەلگىلىرىنى، مۇناسىۋەت بەلگىلىرى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز-ئارا مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بەلگىلەر سۆزنىڭ مەنە ئېلېمېنتلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بىلىپ يېتىلگەن بۇ يېڭى بەلگىلەر يېڭى ئۇقۇملار بولۇپ، ئۇ يەنىلا سۆز شەكلى ئارقىلىق تۇراقلىشىدۇ ۋە ئىپادىلىنىدۇ. شەيئىلەرنىڭ يېڭىدىن بىلىنگەن بەلگىلىرى ناۋادا سۈپەت، مىقدار، شەكىل، ماكان، زامان، مۇناسىۋەت قاتارلىق جەھەتتىكى بەلگىلىرى بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ خىل بەلگىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى ئۇقۇملار تىلدا ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ. شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئۇقۇملار پېئىل ياكى پېئىل خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

يېڭى بىلىنگەن بەلگىلەر ئەسلى بىلىنگەن شەيئىلەرنىڭ بەلگىلىرى بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ خىل بەلگىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى يېڭى ئۇقۇملارنىڭ تارىيىشىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئۇقۇملار تارايغانسېرى، ئۇنىڭ مەزمۇنى كونكرېتلىشىپ بارىدۇ. ئۇقۇملارنىڭ تارىيىش يولى بىلەن بارلىققا كەلگەن ئۇقۇملار بەلگىلىك تەرتىپتە تىزىلىدۇ. بۇ خىل ئۇقۇملار شەكىل جەھەتتىن مۇرەككەپ بولىدۇ. بۇنداق مۇرەككەپ قۇرۇلما تەركىبىدىكى ئۇقۇملارنىڭ تەرتىپى بۇ ئۇقۇملارنىڭ پىكىر قاتلىمى بولىدۇ. پىكىر قاتلىمى ھامان ھەجمى كىچىك ئۇقۇمدىن ھەجمى چوڭ ئۇقۇمغا قاراپ پەلەمپەي ھالەت ھاسىل قىلىدۇ. بۇ خىل يول بىلەن شەكىللەنگەن ئۇقۇملار ھامان سۆز بىرىكمىلىرى ئارقىلىق تۇراقلىشىدۇ ۋە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ خىل پىكىر قاتلىمى شۇ ئۇقۇمنى ئىپادىلىگەن سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورۇن تەرتىپىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. دېمەك،

ئۇقۇمنىڭ تارىيىش ھەرىكىتى سۆزنى ھەرىكەت ھالىتىگە كۆچۈرىدۇ. سۆزنىڭ ھەرى-
كەت ھالىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچى سۆز بىرىكمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەسە-
لەن، «ئالما» دېگەن ئۇقۇم ماكان جەھەتتىكى بىر بەلگىسى قوشۇلغاندا «غۇلجا
ئالمىسى» بولىدۇ، ئۇنىڭ تەم ۋە مۇناسىۋەت جەھەتتىكى بەلگىسى قوشۇلغاندا،
«ھەم تاتلىق، ھەم يوغان غۇلجا ئالمىسى» بولىدۇ. بۇ بىرىكمىدە پىكىر قاتلىمى
«ھەم يوغان ھەم تاتلىق غۇلجا ئالمىسى» بولىدۇ. بىز بۇ بىرىكمىدە سۆزلەرنىڭ
مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. دېمەك، لۇغەت تەركىبى-
دىكى تۇرغۇن ھالەتتە تۇرغان سۆزلەر ئۇقۇم ھەرىكىتى تۈپەيلى ھەرىكەت ھالىتىگە
كۆچكەندىن كېيىن، دەرھال مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدۇ. سۆزنىڭ
ھەرىكەت ھالىتى مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشكە كىرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل
مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەر ئۇقۇملارنىڭ تارىيىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدى-
غان بولغاچقا، ئۇ يەنە ئۇقۇملارنىڭ تارىيىش قانۇنىغا بويسۇنىدۇ. مەسىلەن: «ئىش»
(پائالىيەت ھالىتى) + چى (شۇنداق پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى) +
لار (شۇ تۈپتىكى كىشىلەردىن بىر قىسمى) + نى (بۇ بىر قىسىم كىشىلەرنى)
چەكلەپ كۆرسىتىدۇ.

ئەگەر مۇرەككەپ ئۇقۇم تەركىبىدىكى ئاددىي ئۇقۇملار مەلۇم بىر شەيئىنىڭ
ئوخشىمىغان تەڭ دەرىجىلىك بەلگىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ياكى ئىككى ياكى
ئىككىدىن ئارتۇق ھادىسىنىڭ ئەينى بىر بەلگىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىسە،
ئۇ ھالدا، بۇ خىل مۇرەككەپ ئۇقۇملار تىلدا تەڭداش باغلىنىشتىكى سۆز بىرىك-
مىلىرى سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىدۇ. ھەممە تىلدىكى «ۋە»، «ھەم»، «بىلەن» قاتار-
لىق تەڭداش باغلىغۇچىلار رول ئوينايدۇ. مەسىلەن: يۇقىرىقى مىسالدىكى «ھەم
يوغان ھەم تاتلىق» دېگەن بەلگە ئالمىنىڭ تەڭ دەرىجىلىك بەلگىلىرىنى ئەكس
ئەتتۈرگەن. «بور ۋە قەلەم» دېگەن بىرىكمىنى ئالساق «بور» بىلەن «قەلەم»
دىن ئىبارەت ئىككى شەيئى «ئوقۇتۇش قورالى» دېگەن ئورتاق بەلگىگە ئىگە
بولغانلىقتىن بىرىكەلىگەن. ئەگەر مۇرەككەپ ئۇقۇم تەركىبىدىكى ئاددىي ئۇقۇملار
جىنس — تۈر مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولسا، ياكى توپلام تەركىبىدىكى بىرەر ئېلېمېنت
شۇ توپلامغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىسە، ئۇ ھالدا، بۇ خىل سۆز بىرىكمىسى
چىرمىشىش باغلىنىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ھالدا، ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش
قوشۇمچىسى بىلەن شەخس قوشۇمچىلىرى رول ئوينايدۇ. مەسىلەن: «شەيئىلەر تەرەق-
قىياتى»، «ئۇقۇمنىڭ ھەرىكىتى»، «ئوقۇش قوراللىرى»، «گۈلنارنىڭ كىتابى» قاتار-
لىقلار. بىزنىڭ مەقسىتىمىز مۇرەككەپ ئۇقۇملار بىلەن سۆز بىرىكمىلىرى ئوتتۇرىسى-
دىكى ئىچكى باغلىنىشنى چۈشەندۈرۈش بولغاچقا، بۇنىڭدىن باشقا شەكىللەر ۋە
ئۇنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەپسىلىي توختالمايمىز.

www.uyghurkitap.com

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، ئۇقۇم ھەرىكىتى بىرىنچىدىن، سۆز مەنىسىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، سۆزنى ھەرىكەت ھالىتىگە كۆچۈرىدۇ. سۆز ھەرىكەت ھالىتىگە ئۆتكەندە، ئەڭ دەسلەپ سۆز بىرىكمىلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. سۆزنىڭ ھەرىكەت ھالىتىگە ئۆتكەنلىكى سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەردە كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەر ئۇقۇملار ھەرىكىتى جەريانىدا شەكىللەنگەن پىكىر قاتلىمىنىڭ قانۇنىيىتىگە بويسۇنىدۇ. ئەگەر سۆز بىرىكمىلىرى تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورۇن تەرتىپى بۇ قانۇنىيەتكە بويسۇنمىسا، ئۇ ھالدا، جەزمەن لوگىكىلىق خاتالىق يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن، «بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان سىخانۇك چىڭۋاڭنىڭ ئوغلى» دېگەنلەرگە ئوخشاش. سۆزنىڭ ھەرىكەت ھالىتىگە كۆچكەنلىكى يەنە ياردەمچى سۆزلەرنىڭ تەشكىللەش رولىدا كۆرۈلىدۇ. شۇ سەۋەپلىك، بارلىق سۆز بىرىكمىلىرىنى شەكىللەندۈرۈشكە بولىدۇ. قۇرۇلما تىلشۇناسلىقىدىكى NP ۋە VP بىرىكمىلىرىنى شۇ تەرىقىدە تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ.

ئۇقۇم ھەرىكىتى، يەنە بىر تەرەپتىن، ھۆكۈمنى شەكىللەندۈرۈشتە كۆرۈلىدۇ. ھۆكۈم دېگىنىمىز تەپەككۇر ئوبيېكتى ئۈستىدە بىرەر نىمە تەستىقلانغان ياكى ئىنكار قىلىنغان تەپەككۇر شەكلى. تەستىق ياكى ئىنكار شەكلىنى ئالغان جۈملىلەر ھۆكۈم بولىدۇ. تەستىقمۇ بولمىغان، ئىنكارمۇ بولمىغان جۈملىلەر ھۆكۈم بولالمايدۇ. شۇڭا تىلدىكى بايان جۈملىلەرلا ھۆكۈمنى بىۋاستە ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۈندەش جۈملە، سوئال جۈملە، بۇيرۇق جۈملىلەر ھۆكۈمنى بىۋاستە ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا ھۆكۈم بىلەن جۈملىنىڭ مۇناسىۋىتى دېگەندە، ھۆكۈمنى بىۋاستە ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەرنى نەزەردە تۇتىمىز.

ھۆكۈم جۈملىنىڭ مەزمۇنى، جۈملە ھۆكۈمنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى. ھۆكۈم ئۇقۇمنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مۇشۇ نۇقتىنىڭ ئۆزى ئۇقۇم ھەرىكىتى مۇقەررەر ھالدا ھۆكۈمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇقۇم ھەرىكىتى ھۆكۈمنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىكەن، ئەلۋەتتە ئۇقۇمنى ئىپادىلىگۈچى سۆزلەرنىمۇ ھەرىكەت ھالىتىگە كۆچۈرىدۇ. سۆزلەر ھەرىكەت ھالىتىگە ئۆتكەندە، ھۆكۈمگە مۇناسىپ جۈملىلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇقۇمنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنىڭ ئۆزى ھۆكۈم بولىدۇ دېگىنىمىز شۇ شەيئىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش دېگەنلىك بولىدۇ. بىز بىرەر شەيئى ئۈستىدە بىرەر ئۇقۇم ھاسىل قىلغاندا، ھامان شۇ شەيئىنى ئۆزىمىزگە تونۇشلۇق بولغان باشقا شەيئىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا، ئۇنىڭ بەلگىلىك بەلگىلىرىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى تەستىقلايمىز ياكى ئىنكار قىلىمىز. مانا مۇشۇ جەريانىنىڭ ئۆزى، كام دېگەندە، بىر ھۆكۈم ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ. مەسە-

لەن، «ئوچۇق بوغۇم» دېگەن ئۇقۇمنى ھاسىل قىلىشتا، بىز ئالدى بىلەن بوغۇملارنىڭ تۈزۈلۈش شەكىللىرىنى تەتقىق قىلىمىز، بۇ جەرياندا بەزى بوغۇملارنىڭ سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى، بەزى بوغۇملارنىڭ ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى بايقايمىز. نەتىجىدە بىز سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بوغۇم ئوچۇق بوغۇم دېگەن ھۆكۈمنى ھاسىل قىلىمىز. دېمەك، «ئوچۇق بوغۇم» دېگەن ئۇقۇمنىڭ «سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بوغۇم» دېگەن بەلگىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەستىقلايمىز. بىرەر شەيئىنىڭ مانا مۇشۇنداق مەلۇم بەلگىگە ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش جەريانى ھۆكۈم بولىدۇ. بۇ خىل مۇئەييەنلەشتۈرۈش جەريانىدا بىرمۇنچە ئۇقۇملار ئۆز ئارا ئالاقىگە ئۆتىدۇ. مۇشۇنداق ئالاقىمۇ ئۇقۇم ھەرىكىتى بولىدۇ. ئەنە شۇ سەۋەبلىك، ئۇقۇم ھۆكۈمنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىل بولىدۇ.

ئۇقۇم ھەرىكىتى سۆزنى ھەرىكەت ھالىتىگە كىرگۈزىدۇ، ئۇقۇم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ بىرەر بەلگىسىنى تەستىقلىغان ئەھۋالدا، سۆزلەرنىڭ ھەرىكەت ھالىتى تەستىق جۈملىلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ، ئۇقۇم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ بىرەر بەلگىسىنى ئىنكار قىلغاندا، سۆزنىڭ ھەرىكەت ھالىتى ئىنكار جۈملىلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. ھۆكۈمنى شەكىللەندۈرگەن ئۇقۇملارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىگە مۇناسىپ ھالدا شۇ ئۇقۇملارنى ئىپادىلىگۈچى سۆزلەر مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق ئۆز-ئارا ماسلىشىدۇ، نەتىجىدە ھۆكۈمنى ئىپادىلىگۈچى جۈملىدە جۈملە بۆلەكلىرى مەيدانغا كېلىدۇ.

بىز يۇقىرىدا لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ مىللىي تۈسكە ۋە نىسبىي تۇراقلىققا ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. سۆز ئۇقۇم ھەرىكىتى تۈپەيلى ھەرىكەت ھالىتىگە ئۆتكەن ھامان گراماتىكىلىق مەنە ۋە ئىستىلىستىكىلىق تۈس بارلىققا كېلىدۇ. ئۇقۇم ھەرىكىتى بارلىققا كەلگەن ھامان لوگىكىلىق ئۇرغۇ شەكىللىنىدۇ. ھۆكۈمدىكى لوگىكىلىق ئۇرغۇ جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئىنتوناتسىيىسىنى بەلگىلەپ تۇرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇقۇمنىڭ ھەرىكىتى گراماتىكا ۋە ئىستىلىستىكا مەسىلىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ نۇقتا لوگىكا، گراماتىكا ۋە ئىستىلىستىكىلارنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ تۈگۈنى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇقۇمنىڭ ھەرىكىتى قالايمىقان، تەرتىپسىز نەرسە ئەمەس. ئۇقۇم ھەرىكىتى ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر بويىچە بولىدۇ. ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر بولسا، ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئىنكاسى. ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تولۇق ماس مۇناسىۋەت، قىسمەن ماس مۇناسىۋەت، جىنىس-تۈر مۇناسىۋەت (بېقىندى مۇناسىۋەت)، قارىمۇ-قارشى مۇناسى-

ۋەت، زىت مۇناسىۋەت قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا، تەڭداش مۇناسىۋەت دەپ ئاتىلىدىغان ئالاھىدە بىر خىل مۇناسىۋەتمۇ مەۋجۇت. بۇ خىل مۇناسىۋەتلەر ئاددىي ھۆكۈملەرنىڭ سۈپىتى ۋە مىقدارىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. بۇ خىل ھۆكۈملەر ئۆزىگە مۇناسىپ جۈملە شەكلىنىڭ قۇرۇلمىسىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم جۈملە شەكلىنىڭ قۇرۇلمىسىغا يۇغۇرۇلۇپ ئىپادىلىنىدۇ. جۈملە شەكلى نىسبىي تۇراقلىق ھالەتكە ئىگە بولىدۇ. بىز جۈملە شەكلىنىڭ مۇشۇ خىل نىسبىي تۇراقلىق ھالىتى بويىچە ھۆكۈم قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولىمىز ۋە ئۇنى چۈشىنىش، ئىگەللەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىمىز. مەسىلەن، تولۇق ماس مۇناسىۋەتنى ئالساق، بۇ خىل مۇناسىۋەت ھۆكۈملەنگۈچىسى بىلەن ھۆكۈملەنگۈچىسىنىڭ ھەجمى ئوخشاش بولغان A ھۆكۈملەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ خىل ھۆكۈم ئىگە ۋە خەۋىرى ئوخشاش مەنىلىك سۆزلەردىن بولغان $(N_1P_1) \equiv (N_2P_2)$ شەكلىدىكى جۈملە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

«ھەر قانداق سوتسىيالىستىك دۆلەت پرولېتارىيات دىكتاتۇرلىقىدىكى دۆلەت»، «بېيجىڭ ـ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى» دېگەنلەرگە ئوخشاش. بىز مۇشۇ جۈملىلەر شەكلىنىڭ ئوخشاشلىقىغا ئاساسەن ھۆكۈمنىڭ قۇرۇلمىسى «ھەممە P–S» نى كەلتۈرۈپ چىقىرىمىز. بۇنىڭدىن باشقا، قىسمەن ماس مۇناسىۋەتنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ ماس كەلگەن بىر قىسمى جۈزئىي تەستىق ھۆكۈملەرنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇ خىل ھۆكۈملەر (زامان +VP) $NP_1+NP_2$ شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. ھۆكۈم قۇرۇلمىسى: بەزى P–S بولىدۇ.

قىسمەن ماس مۇناسىۋەتتىكى ئىككى ئۇقۇمنىڭ تولۇق ماس كەلگەن قىسمى بىرلەشمە ھۆكۈمنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ خىل ھۆكۈم تەڭداش باغلىنىشتىكى قوشما جۈملىلەر ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

بەزى B–A (جۈزئىي ھۆكۈم)

C ھەم A ھەم B (بىرلەشمە ھۆكۈم)




ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشى مۇناسىۋەت ۋە زىت مۇناسىۋەتلەر ئىنكار ھۆكۈملەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىنكار ھۆكۈملەر ھەر قانداق ئىككى نەرسىنى زىت مۇناسىۋەتكە ئېلىپ كىرەلەيدۇ. ئىنكار ھۆكۈملەر ئىنكار جۈملىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. «ياخشى ئىش يامان ئىش ئەمەس»، «بەزى ئوقۇغۇچىلار ئىنتىپاق ئەزاسى ئەمەس»، «ئادەم ھەيكەل ئەمەس» دېگەنگە ئوخشاش. دېمەك، ئاددىي

جۈملىنىڭ قۇرۇلمىسى ھامان ھۆكۈمنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئاساس قىلىدۇ. شۇڭا، ھېچكىممۇ ئادەتتە «ھەممە ئادەم دوختۇر» دېمەيدۇ.

بۇنىدىن باشقا، شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدا شەرتلىك باغلىنىش، سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلەر مەۋجۇت. ئۇقۇمنىڭ ئۆزى بۇ خىل شەرتلىك مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، بۇ خىل شەرتلىك مۇناسىۋەت ۋە سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋەتلىرىنى ھۆكۈم ئارقىلىقلا ئىپادىلەشكە بولىدۇ. بۇ ئۇقۇم ھەركىتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ھۆكۈملەر ئىككى ئاددىي ھۆكۈمنىڭ شەرتلىك مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ ھۆكۈملەر شەرت خاراكتېرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ تىلدا «ئەگەر ......سا، ئۇ ھالدا ......(زامان قوشۇچىلىرى)» قاتارلىق جۈملە شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ. بۇ خىل ھۆكۈملەر مۇشۇ شەكىلدە نىسبىي تۇراقلىقىقا ئىگە بولغاچقا، ھۆكۈم شەكلىنىڭ «ئەگەر p بولسا، ئۇ ھالدا q بولىدۇ» دېگەن قۇرۇلمىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان. مۇشۇ شەكىللەر شەرتلىك مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرىگە، يەنى تەركىبىدىكى ئاددىي ھۆكۈملەرنىڭ چىنلىق قىممەت مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭغا مۇناسىپ جۈملىنىڭ ئىپادىلەش شەكىللىرىدىمۇ ئۆزگىرىش ھاسىل بولىدۇ. بۇنىدىن باشقا، بىلىش جەريانىدا، سۇبيېكتىپ جەھەتتە بىر خىل تاللاش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت. بۇ خىل مۇناسىۋەت تاللانما ھۆكۈمنى شەكىللەندۈرىدۇ. تاللانما ھۆكۈممۇ ئاددىي ھۆكۈملەردىن تەشكىل تاپقان قوشما ھۆكۈم. ئۇ، تىلدا «...ياكى...ياكى...» شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا تاللانما ھۆكۈمنىڭ «ياكى p ياكى q (ياكى r)» قۇرۇلمىسى كېلىپ چىقىدۇ. بۇ خىل ھۆكۈملەر نوقۇل سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بولغاچقا، بۇ خىل ھۆكۈمدە ئىپادىلەنگەن تاللاش مۇناسىۋىتى ئوبيېكتىپ جەھەتتە تاللاپ ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇ تاللانما ھۆكۈم بىلەن ئەمەس، بىرلەشمە ھۆكۈم بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: «بۇ ئادەم ياكى ئوقۇتقۇچى، ياكى كادىر» دېگەن بۇ ھۆكۈم سۆزلىگۈچىنىڭ شۇ x ئادەمنىڭ نېمە ئادەملىكى ھەققىدىكى سۇبيېكتىپ كۆز قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ ئادەم ناۋادا كادىر بولماي، ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكى ئېنىقلانسا، ئۇ ھالدا «بۇ ئادەم كادىر ئەمەس، ئوقۇتقۇچى» دېگەن بىر بىرلەشمە ھۆكۈم شەكىللىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جۈملە شەكلىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۆزگىرىدۇ. ھۆكۈملەرنىڭ بۇ خىل ئۆزگىرىشلىرى خۇلاسىلارنى شەكىللەندۈرىدۇ.

دېمەك، ئۇقۇم ھەركىتى ئالدى بىلەن مۇرەككەپ ئۇقۇملارنى ئاندىن ئاددىي ھۆكۈملەرنى، ئاندىن قوشما ھۆكۈملەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. ھۆكۈملەرنىڭ ئۆزگىرىشلىرى خۇلاسىلارنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ خىل كونكرېت تەپەككۇر ھەركىتى تىلدى-

كى نۇتۇق ئېقىمىنى شەكىللەندۈرىدۇ. تىل نۇتۇق ئېقىمىنى ھاسىل قىلغان ھامان سۆزلىگۈچى سۇبيېكتىپنىڭ ئوبيېكتىپقا نىسبەتەن شەخسىي ھېس - تۇيغۇسى قوشۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر پۈتۈن تىل شارائىتى (كونتېكست) شەكىللىنىدۇ. تىل شارائىتى لوگىكا، گرامماتىكا ۋە ئىستىلىستىكىنى يۇغۇرۇپ بىر گەۋدە قىلىدۇ. تىل شارائىتىدا، ئۇقۇم، ھۆكۈم، خۇلاسىلار قايسى خىل سۆزدىن قانداق جۈملىلەرنى تۈزۈشنى بەلگىلەپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن گرامماتىكا قائىدە - قانۇنىيەتلىرى كېلىپ چىقىدۇ. گرامماتىكىلىق قائىدە - قانۇنىيەتلەر ئىدىيىنى بايان قىلىش ۋە چۈشىنىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ. سۆزلىگۈچى بۇ خىل گرامماتىكىلىق قائىدىلەر بويىچە بارلىققا كەلگەن ئىدىيىگە ئۆزىنىڭ ھېس - تۇيغۇسىنى يۈكلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن تىل ئۇسلۇبىي - ئىستىلىستىكىلىق تەلەپ كېلىپ چىقىدۇ. ئاڭلىغۇچى شەخس (ئىككىنچى شەخس) ئۇقۇمى «سەن»، «سىز»، «سىلى» سۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. سۆزلىگۈچى ئۆزىنىڭ قارىشىدا تۇرغان ئادەمگە «تاماق يېيىش» ئىدىيىسىنى بايان قىلغاندا، ئاڭلىغۇچىنىڭ ئۆز نەزىرىدىكى ئورنىغا ئاساسەن «سەن، سىز، سىلى» قاتارلىق سۆزلەردىن بىرىنى تاللىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «سەن تاماق يېدىڭ»، «سىز تاماق يېدىڭىز»، «سىلى تاماق يېدىلە»، «سەن تاماق يېيىشتىڭ» دېگەن جۈملىلەر شەكىللىنىدۇ. بۇ جۈملىلەرنىڭ ھۆكۈم مەزمۇنى **ئوخشاش**، جۈملە شەكىللىرى ئوخشاش بولۇشقا قارىماي، ئوخشاشمىغان ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ. يەنە بەزى سۆزلەرنىڭ ئۇقۇم مەنىسى ئوخشاش بولسىمۇ، بىراق جۈملىدە بېرىدىغان ئۈنۈمى ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، «ئالەمدىن ئۆتۈش»، «**ئۆلۈش**»، «ۋاپات بولۇش» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ئۇقۇم مەنىسى «ھاياتى ئاخىرلىشىش» بولسىمۇ، بىراق سۆزلىگۈچى كونكرېت تىل شارائىتىدا سۆزلىنىۋاتقان ئوبيېكتنى ئۆزىنىڭ ھېس - تۇيغۇسى بويىچە ئۆلچەپ كۆرۈپ، ئۇلاردىن بىرىنى تاللىۋالىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ھېچقاچان ئەينى ۋاقىتتا ئەينى بىر ئوبيېكتقا يۈكلىنىپ، ئەينى بىر جۈملىدە قاتار ئىشلىتىلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياكى «ئۇ ئۆلدى» بولىدۇ، ياكى «ئۇ ئالەمدىن ئۆتتى» بولىدۇ، ياكى «ئۇ ۋاپات بولدى» دېيىلىدۇ. بۇ جۈملىلەرنىڭ ھۆكۈم مەزمۇنى، گرامماتىكىلىق شەكلى ئوخشاش بولۇشقا قارىماي، بېرىدىغان ئۈنۈمى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال مەنىداش سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى ئىستىلىستىكىلىق رولى بولىدۇ. دېمەك، **مەنىداش** سۆزلەر سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزلىنىۋاتقان ئوبيېكتقا نىسبەتەن ھېس - تۇيغۇسىنى يۈكلەش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ ۋە جەزمەن گرامماتىكىلىق مەنە ۋە شەكىلنىڭ بىرلىكىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

ئىككىنچىدىن، بىز يۇقىرىدا ئۇقۇم ھەرىكىتى كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. كۆپ مەنىلىك سۆزلەر ئۇقۇم ھەرىكىتى جەريانىدا بارلىققا كېلىدىغان بولغاچقا، بۇ خىل سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىك ئىكەن-

لىكى كونكرېت تىل شارائىتىدا مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئايرىم - ئايرىم مەنى-
لىرى بىردىن ئۇقۇمغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى ئايرىپ ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، «كۈن»
سۆزىنىڭ كۆپ مەنىلىك ئىكەنلىكى «كۈن چىقتى»، «بىر كۈن ئۆتتى»، «ياخشى
كۈن كۆچۈرۋاتىدۇ» دېگەن جۈملىلەردە مۇقىملىشىدۇ ۋە ئايرىلىدۇ. ئەگەر بۇ خىل
كونكرېت تىل شارائىتى بولمىسا، بۇ سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىك ئىكەنلىكىنى مۇئەي-
يەنلەشتۈرگىلى، ئۇلارنىڭ ھەر بىر مەنىسىنىڭ بىردىن ئۇقۇمغا ۋەكىللىك قىلىدىغان-
لىقىنى ئايرىپ ئالغىلى بولماس ئىدى. بۇ خىل سۆزلەرنىڭ ھەر بىر مەنىسى ئاي-
رىم - ئايرىم ئۇقۇملارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەر بىر مەنىسى
ئۆزىگە مۇناسىپ سۆزلەر بىلەنلا بىرىكەلەيدۇ. ئەگەر بۇ خىل كۆپ مەنىلىك سۆز-
لەرنىڭ مەنىلىرى پەرقلەندۈرۈلمەي ئىشلىتىلسە، جەزمەن لوگىكىلىق خاتالىق يۈز
بېرىدۇ. مەسىلەن، «ماددا يوقالمايدۇ، قەغەز ماددا؛ دېمەك، قەغەز يوقالمايدۇ». بۇ
خۇلاسىدىكى «ماددا» سۆزى كۆپ مەنىلىك سۆز بولۇپ، چوڭ ئاساستا پەلسەپە
كاتېگورىيىسىدىكى «ماددا» دېگەن مەنىدە، كىچىك ئاساستا «جىسىم» دېگەن مەنى-
دە ئىشلىتىلگەن. بۇ ئىككى مەنە پەرقلەندۈرۈلمەي ئىشلىتىلگەچكە، لوگىكىلىق خاتا-
لىق يۈز بەرگەن. دېمەك، كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنى ئۆز ئورنىدا ئىشلىتىش ئۇقۇم-
نى ئېنىق ئىپادىلەش تەلىپىدىن كېلىپ چىققان ئىستىلىستىكىلىق تەلەپ، بۇ خىل
ئىستىلىستىكىلىق ھادىسىنىڭ رولى پىكىرنى ئېنىق ئىپادىلەشتىن ئىبارەت.

قارىمۇ - قارشى مۇناسىۋەتتىكى ئۇقۇملار زىت مەنىلىك سۆزلەر ئارقىلىق ئىپا -
دىلىنىدىغان ھەمدە بۇ خىل مۇناسىۋەت ئىنكار جۈملىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان
بولغاچقا، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق رەت قىلىش، ئوخشىتىش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق
ۋاسىتىلارنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن، «ياخشى ئىشنىڭ بىرسىمۇ يامان ئىش ھې -
سابلانمايدۇ»، «سەن ئادەم ئەمەس، ھايۋان» دېگەنگە ئوخشاش.

لۇغەت تەركىبىدىكى ياردەمچى سۆز - ئۈندەش سۆزلەر بىلەن ئۇلانمىلار لېكسى-
كىلىق مەنىگە ئىگە بولمىغانلىقتىن، جۈملە تەركىبىدە پەقەتلا ھېس تۇيغۇنى ئىپا -
دىلەش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ خىل سۆزلەر شۇ جۈملە ئىپادىلىگەن ھۆكۈم مەزمۇنىغا
چاقىرىق، ھاياجان، سوراق، تەكىتلەش، كۈچەيتىش، ئۆتۈنۈش، ئەجەبلىنىش قاتار -
لىق ھېس - تۇيغۇلارنى يۈكلەيدۇ. مەسىلەن: پاھ، نېمە دېگەن چىرايلىق مەنزىرە!
ساۋاقداشلار تولۇق كەلدىمۇ؟ ئۇ ئۆيىگە خەت يازدىغۇ.

بۇ مىساللاردىن قارىغاندا، ئۈندەش سۆز ۋە ئۇلانمىلار ھامان مەلۇم ھۆكۈم
ئاساسىغا قۇرۇلغان جۈملىلەرگە ئۇلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل جۈملىلەردە ھامان گەپ
ئۇرانى بولىدۇ. بۇ خىل گەپ ئۇرانى مۇشۇ جۈملىلەرنى چۈشىنىش ۋە ئىگەللەش-
نىڭ لوگىكىلىق ئاساسى بولىدۇ. بۇ خىل جۈملىلەر ئەنە شۇ گەپ ئۇرانىغا تايىنىپ
ھېس - تۇيغۇنى ئىپادىلەپ، ئىستىلىستىكىلىق رول ئوينايدۇ. بۇ خىل جۈملىلەر بايان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

جۈملىلەرنى ئۆزىگە ئاساس قىلغان بولغاچقا، ئۇلارنى شەكىللەشتۈرۈشكە بولىدۇ ۋە ئۇلارنى بايان جۈملىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

تىلدا بۇ خىل ئىستىلىستىكىلىق رول ئوينايدىغان بىرلىك ۋە گىراماتىكىلىق شەكىللەر ئاز ئەمەس. بۇ يەردە بىز مىسال ئۈچۈن بىر نەچچە خىل ئەھۋالنىلا كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. بۇنىدىن باشقا، «خۇددى ... دەك» دېگەن شەكىللەرنى ئالساق، بۇلا سېلىشتۇرما خۇلاسىنى ئۆزىگە ئاساس قىلغان ۋە گىراماتىكىدىكى مۇشۇ خىل ئىپادىلەش شەكلى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان ئوخشىتىش ئىبارەت ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ دېگىنىمىز ئوخشىتىش ئىبارەت مۇشۇ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە «خۇددى» دېگەن باغلىغۇچى «دەك» دېگەن قوشۇمچە ئارقىلىق بىرىكىدۇ، بۇ شەكىللەر سېلىشتۇرما خۇلاسە جەريانىنى ئىنچىكە ئىپادىلەپ بېرىدۇ، دېگەنلىك. شۇڭا، بۇ خىل قۇرۇلمىدا خاتالىق يۈز بەرسە، جەزمەن لوگىكىلىق خاتالىق بولىدۇ. مەسىلەن: «ئۇ ئاپتوموبىلغا خۇددى بالىسىغا ئوخشاش كۆيۈنىدۇ» بۇ يەردە پىكىر ئىككى بىسلىق بولۇپ قالغان. (1) «ئۇ ئاپتوموبىلغا بالىسى قانداق كۆيۈنسە، ئۆزىمۇ شۇنداق كۆيۈنىدۇ» دېگەننى؛ (2) «ئۇ ئاپتوموبىلغا بالىسىغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنىدۇ» دېگەننى ئىپادىلىگەن. بۇ خىل خاتالىق ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنى گىراماتىكا جەھەتتە ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان. دېمەك، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى خاتالىق گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىدا ئىپادىلەنگەن، گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىدىكى خاتالىق لوگىكىلىق خاتالىقتا ئىپادىلىنىپ بارغان.

يۇقىرىدا بىز مورفولوگىيىلىك شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ھادىسىلەر بىلەن لوگىكا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى قىسقىچە تەھلىل قىلىپ ئۆتتۇق. ئەندى سىنتاكسىسلىق مەسىلىلەر بىلەن ئىستىلىستىكىلىق مەسىلىلەر ۋە لوگىكىلىق مەسىلىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى.

مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەر ئاساسىدا ئۇقۇم تەرتىپىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆزلەر جۈملە بۆلەكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئورۇن تەرتىپىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭا، جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئورۇن تەرتىپى نورمال ئەھۋال ئاستىدا پىكىر قاتلاملىرىنى ئېنىق ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. قىسمەن ئەھۋاللاردا جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئورۇن تەرتىپى جايىدا بولماي قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا جەزمەن لوگىكىلىق خاتالىق يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن: «قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە ھەقسىز قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى توشۇپ بەردى.» («شىنجاڭ گېزىتى» دىن) بۇ جۈملىدىكى «ھەقسىز» سۆزى ئەسلىدە جۈملىنىڭ ھالەت بۆلىكى بولسىمۇ، بىراق ئېنىقلىغۇچى قىلىپ قويۇلغاچقا، گىراماتىكىلىق خاتالىق كېلىپ چىققان، بۇ خىل گىراماتىكىلىق خاتالىق لوگىكىلىق خاتالىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان يەنە بىر

مىسال، «ئۇ خەلقارا يېنىك ئاتلېتكا مۇسابىقىسىدا بەش ئالتۇن مېدال ئالغان دۇنيا بويىچە تۇنجى تەنھەرىكەتچى.» («شىنجاڭ گېزىتى» دىن) بۇ مىسالدا «دۇنيا بويىچە» دېگەن سۆز ئەسلىدە «بەش ئالتۇن مېدال ئالغان» دېگەن بۆلەكنى ئىزاھلايدىغان ھالەت بولۇپ، بۇ جۈملىدە «تۇنجى تەنھەرىكەتچى» دېگەن بۆلەكنى ئىزاھلاپ كەلگەچكە، گراماتىكىلىق خاتالىق كېلىپ چىققان. بۇ خىل گراماتىكىلىق خاتالىق يەنە «دۇنيا بويىچە تۇنجى تەنھەرىكەتچى» دېگەن لوگىكىلىق خاتالىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. يالغۇز جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئورۇن تەرتىپىنىڭ بۇزۇلۇشى لوگىكىلىق خاتالىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماي، تىنىش بەلگىلىرىنىڭ جايىدا قويۇلماسلىقىمۇ لوگىكىلىق خاتالىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى، تىنىش بەلگىلىرىمۇ پىكىر قاتلىمىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن: «جۇڭگو بىلەن لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرى، ئىقتىسادىي، سودا مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا پايدىلىق شارائىتقا ئىگە» («شىنجاڭ گېزىتى» دىن). بۇ جۈملىدىكى «جۇڭگو بىلەن لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرى» دېگەن جۈملە ئىگىسىنىڭ ئاخىرىغا قويۇلغان پەش (،) خاتا قويۇلغاچقا، ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇپ، «ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋەت» دېگەن تولدۇرغۇچىلار بىلەن بىرگە تولدۇرغۇچى بولۇپ، «راۋاجلاندۇرۇش» نىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. يەنە مەسىلەن: «ساقال-بۇرۇتلىرى ئۆچەتەك ئاقارغان. پاكار ئەمما بەستلىك كەلگەن مەڭزىدىكى ئىنچىكە قان تومۇرلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بۇ ئادەم...» («ھايات قەدرى» دىن) دېگەن جۈملىدىكى «ئەمما بەستلىك كەلگەن» دېگەن ئېنىقلىغۇچى بۆلەك بىلەن «مەڭزىدىكى ئىنچىكە قان تومۇرلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان» دېگەن ئېنىقلىغۇچى بۆلەك تەڭداش بۆلەك بولۇپ، ئەسلىدە پەش (،) قويۇلۇشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، بىراق پەش قويۇلمىغاچقا، «بەستلىك كەلگەن» دېگەن سۆز «مەڭزى» دېگەن سۆزنى ئېنىقلاپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن «بەستلىك كەلگەن مەڭزى» دېگەن لوگىكىلىق خاتالىق يۈز بەرگەن.

كونكرېت كونتېكست تەركىبىدە گەپ ئورانى بولغاچقا، تىلنىڭ پىكىرنى ئىخچاملاش رولى بولىدۇ. بۇ خىل رول دىئالوگلاردا بەكمۇ روشەن كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، خۇلاسە جەريانىمۇ ئىخچام ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل ئىخچاملاش يالغۇز ئۈچ ھۆكۈملۈكلەرنى ئىپادىلەشتە كۆرۈلۈپلا قالماستىن، باشقا خۇلاسە شەكىللىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «كىمكى قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا، ئۇ جەزمەن قانۇنىي جازاغا تارتىلىدۇ. ئۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلدى، دېمەك ئۇ قانۇنىي جازاغا تارتىلىدۇ» دېگەن شەرتلىك خۇلاسىنى ئادەتتە «ئۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقتىن قانۇنىي جازاغا تارتىلدى» دەپ ئىپادىلەيدۇ. يەنە مەسىلەن، «ئاياللار تۇغۇت مەزگىلىدە دەم ئېلىشقا بولىدۇ. ئۇ ھازىر تۇغۇتلۇق، شۇڭا ئۇ ھازىر دەم ئېلىۋا-

تىدۇ» دېگەن ئۆلچەم خۇلاسە كونكرېت تىل شارائىتىدا «ئۇ تۇغۇتلۇق تۇرا... داق ئىشقا كېلەلەيدۇ» دەپ ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. بۇ خىل ئىخچاملاش تىلنىڭ ئىپادىلەش سەنئىتى بولۇپ، ئۇ بىر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئىخچاملاش جەزمەن خۇلاسە قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك. ئەگەر خۇلاسە قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلمىسا، جەزمەن لوگىكىلىق خاتالىق يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن: «مەن خىيانەت قىلمىسام، قانداق قىلىپ چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىمەن» دېيىلسە، ئۇ ھالدا، بۇ خىل ئىخچاملاش خاتا ئىخچاملاش بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ خۇلاسە قائىدىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، يەنى بۇ خىل ئەسلىدە يېتەرلىك شەرتكە تايانغان شەرتلىك خۇلاسىنى قىسقارتىشتىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ئەسلىدىكى شەرتلىك خۇلاسىنىڭ چوڭ ئاساسى بولغۇچى شەرتلىك ھۆكۈمنىڭ شەرت بۆلىكى بىلەن نەتىجە بۆلىكى ئوتتۇرىسىدا يېتەرلىك شەرتكە تايانغان شەرتلىك مۇناسىۋەت مەۋجۇت ئەمەس. بۇ خىل ئىخچاملانغان خۇلاسىلەرنى ئىپادىلىگۈچى جۈملىلەرنىڭ جۈملە قۇرۇلمىسى توغرا بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمما لوگىكىلىق قۇرۇلمىسى خاتا بولىدۇ. بۇنىڭدىن بىز لوگىكىلىق قۇرۇلمىسى خاتا جۈملىلەرنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسى خاتا بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. ئەمما ئىخچاملاشتا تېگىشلىك بولمىغان بۆلەك ئىخچاملانسا، پىكىردە مۈجمەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر بىرەر سورۇنغا يىغىلغان كىشىلەرگە قارىتىپ «كېلىشكە تېگىشلىك ئادەملەر كەلمەپتۇ» دېگەندە، كەلگەن ئادەملەر كېتىپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇ كەلگەن ئادەملەرنى كەلمىسە بولىدىغان ئادەملەر ئىدى دېگەن بىر ھۆكۈمدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئەسلىدە «كېلىشكە تېگىشلىك ئادەملەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولالماپتۇ» دېيىلگەندە پىكىر ئېنىق ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. جۈملە قۇرۇلمىسىدىكى خاتالىق جەزمەن لوگىكىلىق خاتالىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن: «سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى ئىتتىپاق ئەزاسى ئەمەس» دېگەندە، «سىنىپىمىزدىكى بىرمۇ ساۋاقداش ئىتتىپاق ئەزاسى ئەمەس» دېگەن ھۆكۈمنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە سۆزلىگۈچىنىڭ دېمەكچى بولغان پىكرى «سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلارنىڭ بىر قىسمى ئىتتىپاق ئەزاسى ئەمەس» دېگەن بولۇپ، بۇ خىل ھۆكۈمنى «سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسىنى ئىتتىپاق ئەزاسى دېگىلى بولمايدۇ» دېگەن جۈملە ئارقىلىق ئىپادىلىگەندە توغرا بولىدۇ.

جۈملىنىڭ شەكىل قۇرۇلمىسى ھۆكۈمنىڭ شەكىل قۇرۇلمىسىدىن كۆپ ئوششۇق بولىدۇ، چۈنكى جۈملە ھۆكۈمنى ئىپادىلىگەندىن تاشقىرى، يەنە سۆزلىگۈچىنىڭ ھېس - تۇيغۇسىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. سۆزلىگۈچىنىڭ ھېس - تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر بولغىنىغا ئوخشاش، سۆزلىگۈچىنىڭ ھېس - تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەرمۇ بولىدۇ. شۇڭا ئەينى بىر ھۆكۈمنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىر قانچە خىل

جۈملە شەكىللىرى ئۇچرايدۇ. بۇ خىل جۈملىلەر مەنىداش شەكىل بىرلىكلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل جۈملىلەر تىلدا ئىستىلىستىكىلىق رول ئوينايدۇ. جۈملە ھۆكۈمنى ئىپادىلىگۈچى بولغاچقا، بۇ خىل جۈملىلەر شۇ تۈركۈمدىكى ھۆكۈم قۇرۇلمىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەندىن باشقا، شۇ ھۆكۈم قۇرۇلمىسىغا تەقلىد قىلىنغان باشقا خىل پىكىرلەرنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئەينى بىر جۈملە شەكلىنىڭ بىر قانچە خىل مەنە بىرلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن:

1.
مۇئەللىم سىنىپقا كىرگەن ھامان ئوقۇغۇچىلار سالام بەردى.
مۇئەللىم سىنىپقا كىرىشى بىلەن (تەڭ) ئوقۇغۇچىلار سالام بەردى.
مۇئەللىم سىنىپقا كىرىشىگە، ئوقۇغۇچىلار سالام بەردى.

2.
مۇئەللىم سىنىپقا كىردى-دە، دەرس باشلىدى.
مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپلا دەرس باشلىدى.
مۇئەللىم سىنىپقا كىرگەن ھامان دەرسنى باشلىدى.
مۇئەللىم سىنىپقا كىرىشى بىلەن تەڭ دەرسنى باشلىدى.

3.
مۇئەللىم سىنىپقا كىردىيۇ، چىقىپ كەتتى.
مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپلا، چىقىپ كەتتى.

يۇقىرقى ئۈچ گۇرۇپپا جۈملىلەر بىر ئورتاق مەنىگە ئىگە، يەنى ئىككى ئىش-ھەرىكەتنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقىتنىڭ زىچلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئالاھىدىلىك بۇ ئۈچ گۇرۇپپا شەكىل ئۈچۈن ئورتاق ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بۇ ئۈچ گۇرۇپپا شەكىلدىكى بۇ ئورتاق ئالاھىدىلىكنىڭ ئۈچ گۇرۇپپا مىسالدا ئىپادىلىنىش يوللىرى ئوخشىمايدۇ. 1- مىسالدا بىر-بىرىگە زىچ ئۇلىنىپ يۈز بەرگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئىككى شەخس تەرىپىدىن بېجىرىلگەنلىكى ئىپادىلەنگەن؛ 2- مىسالدا بۇ خىل ئىش-ھەرىكەتنىڭ بىرلا شەخس تەرىپىدىن بېجىرىلگەنلىكى ئىپادىلەنگەن؛ 3- مىسالدا بۇ خىل ھەرىكەتنىڭ قارشى يۆنىلىشتە بېجىرىلگەنلىكى ئىپادىلەنگەن. بىز يەنە بۇ ئۈچ مىسالدىكى جۈملىلەرنىڭ شەكىل قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ خىل شەكىللەر ئۆز قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلغۇچى مورفولوگىيەلىك ئامىللارنىڭ ئوخشاشماسلىقى بىلەن بىر-بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. يۇقىرقى ئۈچ گۇرۇپپا مىسال ئىچىدە ئالتە خىل شەكىل قۇرۇلما بارلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

(1) ...... سۈپەتداش + ھامان ...... (خەۋەر)

(2) ...... ھەرىكەتنامى + بىلەن + (تەڭ) ...... (خەۋەر)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

(3) ...... ھەركەتنامى + گە .......... (خەۋەر)

(4) ...... (خەۋەر) + دە، .......... (خەۋەر)

(5) ...... رەۋىشداش + لا .......... (خەۋەر)

(6) ...... (خەۋەر) + يۇ، ........ (خەۋەر)

بۇ شەكىللەردىن (1)، (2)، (3) شەكىللەر بىرىنىڭ كەينىدىن دەرھال يەنە بىرى بېجىرىلگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئىككى ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئىككى شەخس تەرىپىدىن ئورۇنلانغانلىقىنى؛ (1)، (2)، (4)، (5) شەكىللەر بىرلا شەخس تەرىپىدىن بېجىرىلگەنلىكىنى؛ (6) شەكىل بىر - بىرىگە قارىمۇ - قارشى يۆنىلىشتىكى ئىككى ئىش - ھەرىكەتنىڭ بىرلا شەخس تەرىپىدىن بېجىرىلگەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. يەنە بىر مىسال:

(1) مېتال سوركەلسە، ئۇ جەزمەن قىزىيدۇ.

(2) يامغۇر ياغمىسا، بىز تاققا چىقىمىز.

(3) ئالقان قىچىشسا، ئامەت كېلىدۇ.

(4) مەن زالغا كىرسەم، زالدا ئادەم قالماپتۇ.

(5) ئانامنى بىر كۆرسەم، كېسىلىم ساقىيار ئىدى.

بۇ بەش مىسال «ئەگەر ... سا/سە، .... (خەۋەر) دىن ئىبارەت ئورتاق بىر شەكىل قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولسىمۇ، بىراق بۇ جۈملىلەردە ئورتاق مەنە بىرلىكى يوق. (1) مىسال يېتەرلىك شەرتكە تايانغان شەرتلىك ھۆكۈمنىڭ تىپىك شەكلى. چۈنكى «مېتالنىڭ سوركىلىشى» بىلەن «قىزىشى» ئوتتۇرىسىدا يېتەرلىك شەرت مۇناسىۋىتى مەۋجۇت. جۈملىنىڭ بۇ خىل شەكىل قۇرۇلمىسى ئەسلىدە مۇشۇ خىل يېتەرلىك شەرت مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەمما كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى بىلىشى ھامان ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، ئەسلىدە ئوبيېكتىپ جەھەتتە يېتەرلىك شەرت مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولمىغان پىكىرلەرنىمۇ خاتا ھالدا يېتەرلىك شەرت مۇناسىۋىتىگە كىرگۈزۈپ بايان قىلىدۇ. مەسىلەن، (3) مىسال، شۇ سەۋەبلىك، بۇ خىل ھۆكۈملەر ھامان ساختا ھۆكۈملەر بولىدۇ. ئەمما تىلدا بۇ خىل ساختىلىق بەلگىلىك ئېھتىياج تۈپەيلى ھامان مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، كىشىلەر بەزى ھەركەتلەرنى بېجىرىشتە سۇبيېكتىپ جەھەتتە ھامان بەزى ھەركەتلەرنى شەرت قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن (2) خىل مىسالدىكى ئەھۋال مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ خىل جۈملىلەر ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى يېتەرلىك شەرت مۇناسىۋىتىنى ئەمەس، بەلكى سۇبيېكتىپ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان بەلگىلىك بىر شەرتنى ئىپادىلەيدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، كىشىلەر ئۆز ئارا ئالاقىلىشىش داۋامىدا بىرىنىڭ پىكرىنى يەنە بىرى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ شەرتى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، (4) خىل ئەھۋال شەكىللىنىدۇ. بۇ خىل

جۈملىلەر قارشى تەرەپ پىكرىنى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ ئىجراسىنىڭ شەرتى قىلىدۇ. كىشىلەر مەلۇم بىر ھەرىكەتنى مەلۇم بىر مۇددەتتا بويىچە بېجىرىدۇ. كىشىلەر ئۆز مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ھامان بەلگىلىك بىر ئەھۋالنى ئۆز مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ شەرتى قىلىپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن (5) خىل ئەھۋال شەكىللىنىدۇ. بۇ خىل جۈملىلەر سۆزلىگۈچىنىڭ بىرەر مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بەلگىلىك بىر ئەھۋالنى شەرت قىلىپ قويۇشنى ئىپادىلەيدۇ.

دېمەك، ئەينى بىر شەكىل قۇرۇلمىسى ھەر خىل مەنە بىرلىكلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەر خىل شەكىل بىرلىكلىرىنىڭ ئەينى بىر مەنە بىرلىكىنى ئىپادىلىشى، ئەينى بىر شەكىل قۇرۇلمىسىنىڭ ھەر خىل مەنە بىرلىكلىرىنى ئىپادىلىشى جۈملىنىڭ ئىستىلىستىكىلىق تۈسىنى، رولىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەينى بىر مەنە بىرلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ھەر خىل شەكىللىك جۈملىلەرنى ئېھتىياجغا ئاساسەن ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ. بۇ خىل ئىمكانىيەت دەل جۈملىنىڭ ئىستىلىستىكىلىق تۈسى بولىدۇ. بۇ خىل جۈملىلەرنى تاللاشتا خاتالىق كۆرۈلسە، لوگىكىلىق خاتالىق يۈز بېرىدۇ. ھەر خىل مەنە بىرلىكلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئەينى بىر شەكىلنى جايىدا ئىشلىتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. بۇ، جۈملىنىڭ ئىستىلىستىكىلىق رولى بولىدۇ. بۇ خىل جۈملىلەر جايىدا ئىشلىتىلمىسە، بىۋاستە لوگىكىلىق خاتالىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن: «مۇئەللىم سىنىپقا كىردىيۇ، دەرس باشلىدى» ۋە باشقىلار.

تەپەككۇر مەزمۇنى سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆز نۇتقىدىكى ئىدىيىۋى مەزمۇنى بولغاچقا، سۆزلىگۈچى ئۆز نۇتقىنىڭ تىل ئىپادىلىرىنى ئۆز ئىدىيىسىگە بويسۇندۇرىدۇ، ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ. شۇڭا، گىراماتىكىلىق ئىپادىلەش شەكىللىرى تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگە بويسۇنىدۇ. بۇ خىل ئىپادىلەش شەكىللىرى گىراماتىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ. جۈملە ئۇيۇشتۇرۇلغاندا، جۈملىنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىن سىرتقى قاتلىمىغا ئۆتىدۇ. جۈملىنىڭ ئىچكى قاتلىمى جۈملىنىڭ سىرتقى قاتلىمىنىڭ قۇرۇلمىسىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ، نۇتۇقتىكى ئىدىيە ۋە ھېسسىيات گىراماتىكىلىق سىرتقى قۇرۇلما ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ۋە تۇراقلىشىدۇ. شۇڭا، جۈملىلەرنى چۈشىنىشتە، جۈملىنىڭ سىرتقى قاتلىمىدىن ئىچكى قاتلىمىغا ئۆتىدۇ. شۇ سەۋەبلىك گىراماتىكىلىق خاتالىق لوگىكىلىق خاتالىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

سۆزلىگۈچى مۇئەييەن شارائىت ئاستىدا سۆزلەيدۇ. بۇ شارائىتتا ئۇ بەلگىلىك ھېس-تۇيغۇغا ئىگە بولىدۇ. سۆزلىگۈچىنىڭ بۇ خىل ھېس-تۇيغۇسى يەنە گىراماتىكىلىق ئامىللار ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. سۆزلىگۈچىنىڭ ھېس-تۇيغۇسى ئۆز پىكرىنى قايسى يول بىلەن بايان قىلىشتىن ئىبارەت تىل ئۇسلۇبى مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئىستىلىستىكا بولىدۇ. ئىستىلىستىكىمۇ گىراماتىكىلىق

# يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا

مەتتۇردى مىرزائەخمەت

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمكى مەدەنىيەت مىراسلىرىغا باي خەلق. بۇ مەدەنىي مىراسلار ئىچىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ تىل - يېزىق مەدەنىيىتىگە ئائىت قىسمى خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، يېزىق تىلىنىڭ تارىخىمۇ 20 ئەسىردىن ئاشىدۇ. 18- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن تاكى ھازىرغىچە يەر ئاستىدىن ۋە ھەر قايسى جايلاردىن تېپىلغان ھەر قايسى دەۋرلەرگە مەنسۇپ تىل - يېزىق يادىكارلىقلىرى بۇنىڭ روشەن دەلىلى. ماددى پاكىتلار يېزىق تىلىمىزنىڭ ئۇزۇن تارىخى جەريانلارنى بېسىپ ئۆتكەنلىكى، ھازىرقى دەۋرگە يېتىپ كەلگۈچە ئۆزىنىڭ فونېتىك سىستېمىسىنى، لۇغەت فوندى، گراماتىك قۇرۇلۇشىنى ئاساسى جەھەتتىن ساقلاپ كەلگەن ھالدا، قىسمەن ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ بۈگۈنكى دەۋر دەرىجىسىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئامىللار ئارقىلىق تۇراقلاشقان ۋە ئىپادىلەنگەن بولغاچقا، گراماتىكا لوگىكا بىلەن ئىستىلىستىكىنى تۇتاشتۇرغۇچى ئامىل بولىدۇ. شۇڭا گراماتىكىلىق خاتالىق بەزىدە لوگىكىلىق خاتالىق، بەزىدە ئىستىلىستىكىلىق خاتالىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، يەنە شۇ سەۋەبلىك، گراماتىكىلىق ئىپادىلەش شەكىللىرى ئىدىيە ۋە ھېسسىياتنى چۈشىنىشنىڭ، ئىگەللەشنىڭ ئاساسى بولىدۇ.

لوگىكا، گراماتىكا ۋە ئىستىلىستىكىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش ئۇستاز مەھمۇت قەشقىرى ئۆگەتكەن «توغرا تىل»، «پاساھەتلىك تىل» ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇشتىلا ئەمەس، تىلنىڭ ئىپادىلەش قۇرۇلمىلىرىنى شەكىللەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تېخنىكا تىلشۇناسلىقىنى ئىشلەپچىقىشقا نەزەرىيىۋى ئاساس ھازىرلاشتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش شەكىللىرىنى، جۈملە شەكىللىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسىنى ئىشلەپ چىقىش بەكمۇ زۆرۈر.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ئوخشاش بولمىغان خۇسۇسىيەتلىرىنى ماركسىزم تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تارىخى سېلىشتۇرما ئۇسۇلى ئارقىلىق سېلىشتۇرۇپ پەرقلەندۈرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ تارىخى تەرەققىياتىنى مۇنداق 4 دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى دەۋر، بىزگە ھازىرغىچە تېپىلغان يازما يادىكارلىقلىرىمىز توپ-توغرا مەلۇمات بېرەلىگەن مىلادى 5- ئەسىردىن 9- ئەسىرگىچە بولغان قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرى. بۇ دەۋرنىڭ تىلى تۈرك رونىك يېزىقى ۋە سوغدى يېزىقى بىلەن خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ يېزىقلار تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئارىسىدا 5- ئەسىردىن بۇرۇنمۇ ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم. بولۇپمۇ تۈرۈك رونىك يېزىقى تۈركى خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا قوللانغانلىقى ئېھتىماللىغا ناھايىتى يېقىن. چۈنكى تۈركى تىلىدىكى مىللەتلەرنىڭ مىلادىدىن نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى جۇڭگو، ئىران، ھىندىستان ۋە باشقا غەرپ مەملىكەتلىرى بىلەن ئۆز-ئارا مەكتۇپ ئەۋەتىشىپ دىپلوماتىيە ۋە خەت ئالاقە قىلىشقانلىقى خەنزۇ ۋە چەت ئەل تارىخلىرىدا ناھايىتى كۆپ قەيت قىلىنغان. لېكىن بۇ دەۋر تىل يېزىقىدىكى يادىكارلىقلىرىمىزدىن بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگىنى ئاساسەن كۆك تۈرك خانلىقى (مىلادى 557 - 745) ۋە ئۇيغۇر ئورخۇن خانلىقى (مىلادى 640 - 840) نىڭ كاتتىلىرى تەرىپىدىن تىكلەنگەن ئورخۇن ۋە يەنسەي دەريا ۋادىسىدىكى تاش تام ۋە تاش مۇنارىلاردا، گەنسۇ، چىڭخەي ۋە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى رايونلىرى، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان تارشا ۋە باشقا نەرسىلەرگە يېزىلغان پۈتۈكلەردە، كىمىرلەردە، ئۆي سېپىللارنىڭ خىشلىرىدا ۋە قەدىمكى دەۋرلەرگە ئائىت ئاسارە-ئەتىقىلەردە ئويۇپ ياكى يېزىلىپ ساقلىنىپ قالغان ئاز بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت.

ئىككىنچى دەۋر، مىلادى 9- ئەسىردىن 13- ئەسىرگىچە بولغان ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى دەۋرى. بۇ دەۋرنىڭ تىلى ئورخۇن دەريا ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەرپكە كۆچۈپ، شىنجاڭ ۋە يەتتىسۇ رايونلىرىدا ئەزەلدىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئىدىقۇت دۆلىتى ۋە قارا خانىلار دۆلىتىنى قۇرغاندىن كېيىن تەدرىجى شەكىللەنگەن. ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئىسلام دىنىغا كىرگەن رايونلاردا ئەرەب يېزىقى بىلەن خاتىرىلەنگەن. بۇ دەۋردە ئەسلىدىن خېلى دەرىجىدە تەرەققى قىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيەتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاج تېپىپ گۈللەپ ياشناش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن، شەھەر، مەدەنىيەتى، سوداسانائەت، ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققى قىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم-پەن

مەدەنىيەت ئىشلىرىغا يېڭىچە گۈللەپ - ياشناش ۋەزىيەتى ئىلىپ كەلدى. بۇنىڭغا ماس ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ تىل - يېزىقىدىمۇ مۇئەييەن تەرەققىياتلار بارلىققا كېلىپ، پۈتۈن تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئۈمۈميۈزلۈك قوللانغان ئورتاق ئەدەبىي تىل (خاقانىيە تىلى) بارلىققا كەلدى. بۇ تىل بىلەن «تۈركى تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ... لارغا ئوخشاش دۇنياغا مەشھۇر ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى.

ئۈچىنچى دەۋر، مىلادى 13- ئەسىردىن 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر بولغان يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرى. بۇ دەۋرنىڭ تىل - يېزىقى ئوتتۇرا ئەسىر تىل - يېزىقى ئاساسىدا قىسمەن ئىسلاھاتلار ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. بۇ خىل ئىسلاھاتنى ئاساسەن تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

1) ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر يېزىقى دەسلەپ قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقى ئىدى. كېيىن ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئەرەپ يېزىقىنىمۇ قوبۇل قىلدى. ئۇيغۇرلار بۇ يېزىقنى ئەرەپلەرگە ئوخشاشلا، ئۆزۈك تاۋۇش ھەرپ - لىرىگە شەرتلىك بەلگىلەرنى قويۇش ئارقىلىق بوغۇمنى ۋە سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەش پرىنسىپى بويىچە قوللاندى. بۇنداق ئەھۋال بىر مەزگىل شۇ بويىچە داۋام قىلدى. لېكىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققى قىلىشى ۋە ئۆزگىرى - شىنى ھەم ئۆزىگە خاس فونېتىك خۇسۇسىيىتىنى ئەرەپ يېزىقى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلقى 12- ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يېزىق ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، ئەرەپ يېزىقىدىكى ھەربلەرنىڭ سانىنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇش سىستېمىسى بويىچە بىر قەدەر مۇۋاپىق ھالدا تولۇقلىدى ۋە ئىسلاھ قىلدى: ئۇيغۇر تىلىدىكى 8 سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، مەزكۇر يېزىق ئاساسىدا ئايرىم سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرىنى ياسىدى. ئايرىم ھەرپلەرنى مەلۇم شەرت ئاستىدا، بەزى سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەشكە بېكىتتى. ئۇيغۇر تىل تاۋۇشىدا بار، لېكىن ئەرەپ يېزىقىدا يوق بولغان بەزى ئۆزۈك تاۋۇشلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ مۇئەييەن ھەرپ بېكىتتى. ھەرپلەرگە قوشۇلۇپ سوزۇق تاۋۇشنى ۋە بوغۇمنى بىلدۈرىدىغان شەرتلىك بەلگىلەرنى ئېلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەرنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېزىش قائىدىسى (سوزۇق تاۋۇش ھەرپى بىلەن ئۆزۈك تاۋۇش ھەرپىنى قوشۇپ بوغۇم ھاسىل قىلىش قائىدىسى) بويىچە يازىدىغان ئەرەپ - پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرنى شۇ مىللەت قانداق يازسا، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ شۇنداق يازىدىغان ئەرەپ يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى («چاغتاي يېزىقى» دەپ ئاتالغان يېزىق) مەيدانغا كەلدى.

2) ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى (خاقانىيە تىلى) قەدىمكى زامان ئۇيغۇر

تىلىنىڭ راۋاجلىنىپ، بېيىشى ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار ئۆز تۇرمۇشىدا قوللىنىدىغان ئاتالغۇلار، ئىلىم - پەن ئاتالغۇلىرى، دىنى ئاتالغۇلار، ھۆنەر سەنئەت ئاتالغۇلىرى قاتارلىق بىر قاتار سۆز ئاتالغۇلارنى ئۆز تىلى بىلەن ئىپادىلەيتتى. بۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكا، فونېتىكا ۋە لېكسىكىسىمۇ غەيرى تۈركى بولغان چەت تىللارنىڭ (بولۇپمۇ ئەرەپ، پارس تىللىرىنىڭ) تەسىرىدىن ئاساسەن خالى ئىدى. «قۇتادغۇبىلىك» داستانى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. 13290 مىسرالىق «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى يېزىشتا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ 68 مىڭ سۆز ئىشلىتىپ، بۇنىڭغا چەت تىللاردىن ئاران 4 يۈزچە سۆز قوشقان.

لېكىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن ئەرەپ، پارس مەدەنىيىتىنىڭ كۈندىن - كۈنگە قويۇق ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر تىلى تەركىۋىگە ئەرەپ - پارس تىللىرىدىن تۇرمۇش، دىن ۋە مەدەنىيەتنىڭ ھەر خىل ساھەلىرىگە ئائىت سۆز - ئاتالغۇلار سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. ئەرەپ - پارس گىراماتىكىسىغا خاس بىر قىسىم قوشۇمچىلارمۇ ئۇيغۇر تىلىغا مەلۇم دەرىجىدە سىڭدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر تىلى تەركىۋىدىكى نۇرغۇن سۆزلەر ئۆز قانۇنىيىتى ۋە شارائىتىنىڭ تەلىپى بويىچە فونېتىك ئۆزگىرىش ياسىدى. بەزى سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىدە ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بەزى سۆزلەر ئۇيغۇر تىلى لۇغەت فوندىدىن چۈشۈپ قالدى.

ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدىكى يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئىسلاھات ۋە ئۆزگىرىشلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر (خاقانىيە) دەۋرىدىن، يېقىنقى زامان دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا چەت تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش - دەسلەۋىدە ئوبيېكتىپ شارائىتنىڭ تەلىپىگە ماس ھالدا ئېلىپ بېرىلغان قىسمەن ھادىسە ئىدى. لېكىن بۇ ھادىسە بارا - بارا قاتتىق ئەۋج ئېلىپ كەتتى. بەزى زىيالىيلىرىمىز ئوبيېكتىپ شارائىتنىڭ ئېھتىياجى سەۋەبىدىنلا ئەمەس، بەلكى بىر تەرەپلىمە ھالدا سۇبيېكتىپ ھېسسىياتلىرى بويىچە چەت تىللاردىن ئۆزلىرى خالىغانچە سۆز قوبۇل قىلىۋېرىشكە باشلىدى. بەزى ئالىم ۋە ئەدىپلىرىمىز قىزىپ كېتىپ ئۆز ئەسەرلىرىنى تېخى ساپ ئەرەپ، پارس تىللىرىدىمۇ يېزىۋەتتى. مەسىلەن: يۈسۈپ سەككاكىدەك بىر ئۇلۇق ئالىم ئۆزىنىڭ «مۇپتاھىل ئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) ناملىق ئىلمىي ئەسىرىنى ساپلا ئەرەپ تىلىدا يازدى. بۈيۈك تارىخچىمىز مىرزا ھەيدەر كوراگانمۇ ئۆزىنىڭ «تارىخىي رەشىدى» ناملىق ئەسىرىنى پارس تىلى بىلەن يازدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئەرەپ، پارس تىللىرىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ بېرىۋاتقان سىياسى، دىنى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى تەسىرىدىن

ۋە يەرلىك زىيالىيلارنىڭ خۇراپىلارچە چوقۇنۇش ئىدىيىسىدىن كۆرمەيمۇ بولمايدۇ. ئۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇر خەلقىدە ئىجادىيەتكە قويىلىدىغان تەلەپ مىزانلار ھەم بۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىدىغان چارە - تەدبىرلەر مۇكەممەل بولالمىغان، ھەتتا بەزىدە يوق بولۇپمۇ قالغان ئىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا ئەرەپ، پارس تىللىرىدا يېزىلغان ئەسەرلەر مەيلى نەشىر قىلىنىش جەھەتتە بولمىسۇن، ياكى تارقىتىش، شەرھىيلەش، ئېتىۋار بىلەن قاراش جەھەتلەردە بولمىسۇن ھەر تەرەپلىمە كاپالەتكە ئىگە بولۇپ كەلدى. شۇڭا يېقىنقى زامان ئالىم ۋە يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەپ پارس تىللىرىدا يېزىشى، ھەم ئوبيېكتىپ ھەم سۇبيېكتىپ سەۋەبلەرگە باغلىق ئىدى، دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن مەيلى قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر بۇ خىل ھادىسە ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىدىكى ناھايىتى زور بىر ئېغىش ئىدى. مەدەنىيىتىمىزدىكى بۇ خىل ھادىسىلەرنىڭ خەلقىمىز ئۈچۈن پايدىسىز ئىكەنلىكىنى لۇتفى، سەككاكى، ئاتايى قاتارلىق كۆپلىگەن ئالىم ۋە ئەدىپلىرىمىز ئۆز ۋاقتىدا چۈشىنىپ، بۇنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى، لېكىن تەسىر دائىرىسى كەڭ ۋە كۈچلۈك بولغان بۇ ئېقىمغا ئۇلار تازا ئۈنۈملۈك قارشى تۇرالمايلا قالماستىن، بەلكى ئۆزلىرىمۇ مەلۇم جەھەتتىن ئەشۇ ئېقىم ئىچىگە كىرىپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ئۈنۈمى ئانچە چوڭ بولالمىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى قىلغان ئىشلىرى كېيىنكىلەر ئۈچۈن بىر باشلىنىش بولدى. ئەرەپ، پارس تىلى تەرەپدارلىرىغا ئۈنۈملۈك رەددىيە بېرىپ، ئانا تىلىمىزنى قوغداپ قېلىشتا، ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر ناۋايىنىڭ كۆرسەتكەن قەتئىي تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى كۆپ بولدى. ناۋايى بىر تەرەپتىن «مۇھاكىمە تۇل لۇغەتەيىن» دەك ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئانا تىلىمىز ئەۋزەللىكلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ، ۋە ئىسپاتلاپ، قەلەم ئىگىلىرىنى ئۆز ئانا تىلىدا ئىجات قىلىشقا چاقىرىش ئارقىلىق بۇ ئىشنىڭ نەزىرىيىۋى ئاساسىنى سالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزى ئەمەلىي ئۈلگە كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ «چاھار دىۋان»، «خەمسە ناۋايى» «مەنتىقۇتتەيىر»، «مىزانۇل ئەۋزان» قاتارلىق زور ھەجىمدىكى ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر تىلى بىلەن يازدى. «ئەگەر ناۋايى ئۆز ئانا تىلىدا ئىجات قىلىش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۈركى تىلىنىڭ پارس تىلىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان «مۇھاكىمەتۇل لوغەتەيىن» (ئىككى تىلنى مۇھاكىمە) نى يازمىغان بولسا ۋە ئۆز تىلىمىزدا ھەممىنى قايىل قىلىدىغان زور ئەسەرلەرنى ياراتمىغان بولسا، بىز كېيىنكى كۈنلەردىمۇ زەلىلى، نىزارى، نەۋبىتى، خىرقىتىلارغا ئوخشاش ئانا تىلىدا ئىجات قىلىشنى باشلىغان شائىرلارنى بەلكى ئۇچراتمىغان



www.uyghurkitap.com

بولالايتتۇق». ①

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ناھايىتى كۆپ ئەگرى - توقاي ئىنقىلابلارنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، تارىخنىڭ ئېغىر سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ، بوران - چاپقۇنلار ئىچىدە تاۋلاندى ۋە بۇ تىل بىلەن نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىپ كەڭ شۆھرەت قازاندى.

تۆتىنچى دەۋر، 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن (1930- يىللاردىن) كېيىنكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇ دەۋرى يۇقىرقى ئۈچ دەۋر تەرققىياتىنىڭ مەھسۇلى.

بىز توختالماقچى بولغان يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەرسى - ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 13- ئەسىردىن تارتىپ 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر بولغان دەۋرلەردىكى يېزىق تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تەتقىق قىلىدىغان ۋە ئۇنى ئۆگىتىدىغان پەندۇر. بۇ دەرستە ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىل - يېزىق تارىخى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىدۇ ۋە بۇ تىلنىڭ لېكسىكا، فونېتىكا ۋە گىراماتىكا جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى تېكىستلىرىدىن پارچىلار تونۇشتۇرۇلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردا يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان، كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى تېكىستىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن توغرا تىرانسكرىپتسىيە قىلالايدىغان، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن شەرھىيلەپ، چۈشەندۈرەلەيدىغان قابىلىيەت يېتىشتۈرۈلىدۇ.

ئۇيغۇر مىللىي ئالىي مەكتەپلەردە، بولۇپمۇ سىفەن خاراكتېرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات مەخسۇس كەسپىي سىنىپلىرىدا بۇ دەرسنى ئۆگىتىش ئىنتايىن زۆرۈر. بۇ زۆرۈرىيەتنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

1. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى ئۆگىنىش يېڭى دەۋردىكى مائارىپ خىزمىتىنىڭ جىددى ئېھتىياجى.

«4 كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلىپ دۆلىتىمىز يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، مەدەنىي مائارىپ ساھەسىدىكى قالايمىقانچىلىقلارمۇ تۈگىتىلىپ، مىللىي مائارىپنى ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى بويىچە تەرەققى قىلدۇرۇشقا كەڭ

① «تىل ۋە تەرجىمە» ژورنىلى 7- بەت، ئەھمەت زىيائىنىڭ «كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ قەدىرى ۋە ئۇنىڭ چەت تىل تەسىرىگە ئۇچراش جەريانى» ناملىق ماقالىدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

يول ئېچىلدى. مانا بۇ ياخشى ۋەزىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىغا ئائىت بىلىملەر ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر تونۇشتۇرۇلدى. مائارىپ نازارىتىنىڭ 1981- يىلى تۈزگەن «ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پىروگراممىسى» دا: «ئوقۇغۇچىلار دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تېكىستلىرىدىن تاللانمىنى ئىزاھاتقا سېلىشتۇرۇپ مەزمۇنىنى تولۇق چۈشىنەلەيدىغان بولۇشى لازىم» دەپ ئېنىق بەلگىلەندى. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تېكىستلەرنى ئىزاھاتقا سېلىشتۇرۇپ مەزمۇنىنى چۈشىنەلەيدىغان بولۇش تەلەپ قىلىنغان يەردە، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى بولىدىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى ئىزاھاتقا قارىمايلا مەزمۇنىنى بىۋاستە چۈشىنەلەيدىغان بولۇشى ئەلۋەتتە زۆرۈر. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئۇنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاددىي چۈشىنىشلىك بولغان كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان بولۇشى ئۈچۈن ئوتتۇرا مەكتەپلەردە بۇندىن كېيىنمۇ كلاسسىك ئەدەبىيات داۋاملىق ئوقۇتۇلىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز پەقەت ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن بەلكى ئۇ قەدىمكى زامان ۋە يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، تارىخىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، بۇ ئەسەرلەردە ھازىر ئىستىمالدىن قالغان بىر قىسىم كونا سۆزلەر ۋە ئەرەپ، پارس تىلىدىن كىرگەن سۆز - ئاتالغۇلار خېلى كۆپ قوللىنىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدا گرامماتىكا جەھەتلەردىمۇ قىسمەن پەرقلەر بار. بۇلارنى بىلمەي تۇرۇپ، كلاسسىك ئەسەرلەرنى مەزمۇن ۋە مەنتىقى جەھەتتىن چۈشىنىش ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن: تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ «ئەدەبىيات دەرسلىك» كىتابى 3- قىسمىدا لۇتفىنى تونۇشتۇرۇپ ئۇنىڭ مۇنداق شېئىرلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن:

ئەگەر سەن بولماسەڭ گۈلتەك چىمەندە،
كىشى نېتكەي ئۇشۇل بەيتۇلھەزەندە.
..........
ئۇل زىندىدە ئىچىپ قان قانماغۇچى،
يانار ئوتتىن يۈز ئۆرۈپ يانماغۇچى.

ئاتى يەلدا، يۈزى يەلدا تۈنتەك،
كۆزى دەۋزخ بۈيى مەھشەر كۈنتەك.
ئۇنى قويمىش بۇ سەھرالار خاقان،
كى سورماسمەن ئەگەر قىلساڭ تۈمەن قان.

ئۇندىن كېيىن مۇشۇ دەرسنىڭ «تەكرارلاش سوئاللىرى» نىڭ 3 - سىدە «نەقىل كەلتۈرۈلگەن مىساللارنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىۋېلىڭلار» دېيىلگەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقىرىقى شېئىرنى كىتابتىكى سوئاللارنىڭ تەلىپى بويىچە چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇنى ئوقۇتقۇچى چۈشەندۈرۈپ بېرىشى كېرەك. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، باشقىلارغا چۈشەندۈرمەكچى بولغان كىشى ئالدى بىلەن ئۆزى چۈشەنگەن بولىشى كېرەك. ھالبۇكى، يۇقىرىقى شېئىردا ئىشلىتىلگەن «گۈلتەك» (گۈلدەك) «نېتكەي» (قانداق قىلىدۇ، نىمە قىلىدۇ نىمە ئىش قىلىدۇ)، «ئۇشۇل»، «ئول» (ئاشۇ، ئۇ) «تۈنتەك» (تۈنىدەك، كېچىگە ئوخشاش) «كۈنتەك» (كۈندەك)، «قويمىش» (قويغان، قويۇپتۇ) دېگەن سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېقىنقى زامان دەۋرىگە خاس سۆزلەر بولۇپ، بۇ سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا فونېتىك ئۆزگىرىش ياسىغان ھالدا ئۇچرايدۇ، ئۇندىن باشقا «بەيتۇلھەزەن» (غەم ئۆيى، قايغۇ ماكانى)، «مەھشەر» (قىيامەت)، «يەلدا» (قىش، زىمىستان) قاتارلىق ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر ۋە «رىندە» (ھاياسىز)، «بۇي» (پۇراق) قاتارلىق پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلمەيدۇ. بۇ خىل سۆزلەرنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، يۇقىرىقى شېئىرنىڭ مەزمۇنىنى قانداق چۈشەنگىلى بولسۇن؟ ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە يەنە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا مۇراجەت قىلماي بولمايدۇ.

دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىغا، بەدىئىي ئۇسلۇبىغا ۋە تىل قۇرۇلىشىغا مۇستەقىل ھالدا باھا بېرەلەيدىغان بولۇش ھازىرقى دەۋرىمىزدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈچۈن بىر ئەقەللى تەلەپ ھېسابلىنىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىك كىتابلىرىغا نەزەر سالغىنىمىزدا بۇ نۇقتىنى ئوبدان چۈشىنىمىز. لېكىن ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپلەردە مۇشۇ ئەقەللى تەلەپنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالايدىغانلارمۇ ھەر ھالدا ئاز بولىۋاتىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بەزىلىرى كىلاسسىك ئەسەرلىرىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ترانسكرىپتسىيىسىنى كىتاپتىن ئوقۇپ بېرىشكىمۇ ئېغىزى قوۋۇلاشماي، خاتا ئوقۇغان ياكى تاشلاپ ئۆتۈپ كەتكەن، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇنداق كىشىلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرىمىزنىڭ مەزمۇنى ھەم بەدىئىي جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى دەل - توغرا كۆرسىتىپ بېرەلىشىدىن سۆز ئېچىش

www.uyghurkitap.com

مۇمكىنمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن جايلار دەل كونا ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا كەلگەنىدە قىي-
نىلىۋاتىدۇ، ھەر قېتىملىق مائارىپ يىغىنلىرى ئېچىلىسىلا مۇشۇ ھەقتە پىكىر
تەلەپلەر كۆپ بولىدۇ. بۇ خىل ۋەزىيەتنى تېزدىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، بۇنىڭدىن
كېيىن ئالىي مەكتەپلەردىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ جەمئىيەتكە چىقىدىغان ئوقۇغۇچىلار
بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى چوقۇم تولدۇرۇشى كېرەك. ئۇلار دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن
كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئىزاھاتقا قارىماي ئوقۇغۇچىلارغا بىمالال شەرھلەپ.
قىينالماي چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بولۇشلىرى لازىم. بۇ ھازىرقى چوڭ ياخشى
ۋەزىيەتتە ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ جەمئىيەتكە چىققان ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدە-
بىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر ئالاھىدە سۈپىتى بولۇپ قالغۇسى.

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى بىلىش ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تىل - ئەدەبىيات
ئوقۇتۇشىدا يالغۇز كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇشتىلا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالماس-
تىن، بەلكى ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان ئەسەرلىرىنى ئوقۇتۇشىمىزنىڭمۇ
زۆرۈر ئېھتىياجى، مەسىلەن:

.......

«- ئەمىسە ئۇنىڭ ماكانى بۇلبۇللار خەندان ئۇرۇپ، كاككۆكلار سايرىشىۋات-
قان، گۈل - چېچەكلەر بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىۋاتقان گۈزەل باغلارنىڭ قوينى
ئىكەن دە!؟

ئۇ يەنىلا خىيال ئىلكىدە ئىدى.

-ئېيتقىنا دانىشمەنىم، ....»

(تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ «ئەدەبىيات» دەرسلىكى 5 - قىسمىغا كىرگۈزۈل-
گەن يولداش ئەھمەت ئىمىنىنىڭ «شۆھرەت» ناملىق نەسرىدىن ئېلىندى.) بىز
يۇقىرقى پارچىنىڭ باشقا تەرەپلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت ئۇنىڭدىكى «خەندان»،
«بەرق»، «دانىشمەن» دىگەن مۇشۇ ئۈچ سۆزنى ئالايلى، بۇ سۆزلەرنى سىنىپتىكى
ھەممە ئوقۇغۇچى چۈشىنىپ كېتەلىشى ناتايىن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تېكىستنى
ئۆتكەندە يۇقىرقىدەك سۆزلەرگە ئىزاھات بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. «خەندان» بۇ
پارس تىلىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، بىزچە «كۈلمەك» دىگەن مەنانى ئىپادىلەيدۇ.
«بەرق» بۇ ئەرەپ تىلىدىن كىرگەن سۆز، بىزچە ئەسلى مەنىسى «چاقماق»
دىگەن مەنانى ئىپادىلەيدۇ، كۆچمە مەنىسى «ۋاللىداتقاق»، «چاقنىماق» دىگەندىن
ئىبارەت. «دانىشمەن» بۇ سۆز پارس تىلىدىن كىرگەن، پارسچىدە «دانىشمەند»
يەنى «دان» (بىلمەك)، «ھىش» (سەزمەك)، «مەند» (ياسىغۇچى قوشۇمچە) دىگەن
سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن، كېيىن بىزدە فونېتىك ئۆزگىرىش ياساپ،
«دانىشمەن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولغان، بۇ سۆز بىزچە «بىلىملىك»،

«سەزگۈر» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. بۇنىڭغا ئوخشىغان سۆزلەر نەسرى ئەسەرلەرگە قارىغاندا شېئىرلارنى ئوقۇتۇشتا تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. تىلىمىزدا ئىشلىتىلىۋاتقان بەزى ئەدەبىي ئاتالغۇلار ۋە يۇقىرىقىدەك سۆزلەرگە توغرا ئىزاھات بېرىش ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېقىنقى زامان قىسمىنى ئۆگىنىش زۆرۈر.

2. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش - نۆۋەتتىكى ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجى.

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى («چاغاتاي تىلى») ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا قوللانغان مىللىي ئانا تىلىدۇر. ئۇيغۇر تىلى بىلەن سۆزلەشكۈچى ۋە شۇغۇللانغۇچى ھەر بىر كىشى بۇ تىل ھەققىدە ئەقەللى بولسىمۇ بىر نەرسە بىلىشكە تېگىشلىك. «چاغاتاي تىل» شۇناسلىقى ئەمدىلا باشلانغان بىر يېڭى ئىلىم سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى. گەرچە «چاغاتاي تىلى» ئوتتۇرا ئەسىر (خاقانىيە) دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ داۋامى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن تىل ئىكەنلىكى توغرىسىدا دۇنيا ئالىملىرىنىڭ كۆپچىلىكى بىردەك تونۇشقا ئىگە بولسىمۇ، بۇنىڭغا ئەگىشىپ يەنە بۇ ھەقتە ئوخشىمىغان قاراشلارمۇ يوق ئەمەس. مەسىلەن: چەتئەل ئالىملىرىنىڭ بەزىلىرى بۇ تىلنى «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي ئىسلام ئابىدىلىرىنىڭ يېزىق تىلى» دېسە، بەزىسى «شەرقتىكى تۈركىي تىل» دەيدۇ. يەنە بەزىلىرى «چاغاتاي تىلى كونا ئۆزبەك تىلىنى كۆرسىتىدۇ» دەيدۇ.

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە تۈركولوگلار ئارىسىدا يۇقىرىقىدەك بىر - بىرىگە زىت بولغان خىلمۇ - خىل قاراشلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ھازىرغا قەدەر بۇ تىلنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «چاغاتاي تىل» شۇناسلىق ئىلمى چەتئەللەردە تېخى يېقىندىلا باشلىنىپ ئەسلى تېكستتىكى بىر قانچە خىللا مۇھىم ماتېرىياللار نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدا، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى كۇتۇپخانىلىرى، ئىلمىي تەتقىقات ئورگانلىرى ۋە مۇزېيلىرىدا ساقلىنىۋاتقان مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان تاش باسما ۋە قول يازما ئەسەرلەر تېخى ئۆگىنىلمىدى ۋە تەتقىق قىلىنمىدى، بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاش ھازىرقى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ياش ئەۋلاتلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم ۋەزىپىسى.

ئۇيغۇرلار تارىختا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە خېلى تۆھپىلەرنى قوشقان. پەقەت يېقىنقى زامان دەۋرىنىلا ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىجات قىلغان ۋە تەرجىمە قىلغان كۆپلىگەن ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىنسانلار

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

روھى دۇنياسىنى بىلىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشتە ھاسىل قىلغان تەجرىبە - ساۋاق-
لىرىنى ئۆز ئەۋلاتلىرىغا قالدۇرۇپ كەتكەن، بىز بۇلارنى ئوبدان تەتقىق قىل-
غىنىمىزدا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىي كۆچۈرمىسى، مىللىي مەدەنىيىتى،
ئادەتلىرى ۋە پىسخىكىسىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز. خەلقىمىز-
نىڭ تارىختىن بېرى ياراتقان مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ-
غا ۋارىسلىق قىلىش بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك دەۋرىمىزدىكى ئىككى خىل مەدە-
نىيەت يارىتىش قۇرۇلۇشىمىزغا ناھايىتى ياخشى تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق-
لا بۇ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ
مۇستەھكەم ھۇلى بولالايدۇ. شۇڭا بىز بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى ھەرگىزمۇ توخ-
تىتىپ قايالمايمىز.

ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئالايلى، بىز ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات -
سەنئىتى ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى بويىچە تەرەققىي قىلىشى لازىم، دەپ
قارايمىز. قانداق قىلغاندا ئەدەبىي ئىجادىيەتنى مىللىي ئالاھىدىلىك بويىچە
راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، گەپنى يەنە مىل-
لەتنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى، تۇرمۇش ۋە پىسخىك خۇسۇسىيەتلىرى، ئۇزۇن
تارىختىن بۇيانقى تەجرىبە - ساۋاقلىرى قاتارلىقلارنى چۈشىنىش، قىسقىسى شۇ
مىللەت ھەققىدە ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولۇشتىن باشلاشقا توغرا
كېلىدۇ. بىر يازغۇچىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆتمۈشىنى ياخشى بىلمەي ۋە بۇ
ئارقىلىق ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئوبدان تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، شۇ مىللەت
خەلقلىرى ياخشى كۆرگىدەك بەدىئىي ياكى ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئىجات قىلالىشى
ناتايىن. ئىجات قىلغاندىمۇ، ئۇنى ئۆز مىللىتىنىڭ ئۇسلۇبى بىلەن ئەمەس،
بەلكى باشقىلارنى ئۆلۈك ھالدا دوراش ياكى باشقا مىللەت ئەسەرلىرىگە تەقلىت
قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا چىقارغان بولىدۇ. بۇنداق «ئىجادىيەت» نى ھېچكىممۇ
ياقتۇرمايدۇ. بىر قانچە يىللاردىن بېرى ئاۋام خەلق ئىچىدە يېڭى ئەسەرلەرگە
قارىغاندا كونا ئەسەرلەرنى بەكرەك ياقتۇرىدىغان خاھىشنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش
سەۋەبىنى ئىزلىگەندە، يېقىنقى يۈز يىللاردىن بۇيان كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى
تەتقىق قىلىش ئىشىنىڭ توختىتىپ قويۇلۇپ، تارىخىي ئەنئەنىلەر ئوبدان داۋام-
لاشتۇرۇلمىغانلىقى؛ ھەدەپ باشقىلارغا يۈزلەنگەنلىكىمىز؛ شۇنداقلا ئەدەبىي ئىجادى-
يەتتىكى يېڭىلىق بەزى ئۆزگىرىشلەر خەلقىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش، پىسخىك
ھەم ئەدەبىي زوق ۋە بەدىئىي دىت جەھەتتىكى ئەنئەنىدىن بېرى داۋاملىشىپ
كەلگەن ئالاھىدىلىكىگە ئانچە ماسلىشىپ كېتەلمىگەنلىكىدىنمۇ كۆرمەي بولمايدۇ.
ھەر قانداق بىر مىللەت، باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىدىن ئۆزىگە ئېھتىياجلىق
بولغانلىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەڭ ئاساسلىقى ئۆزىگە خاس

يول تۇتقاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ئۆز مەدەنىيىتى ئىچىدىن چىققان يېڭى تەركىبلەر تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ ۋە ئۇمۇملىشالايدۇ. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن مىللىي مەدەنىيەت ھاياتى كۈچكە ئىگە بولۇپ ساغلام راۋاجلىنالايدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئەدىبلىرىدىن لۇشۈن، گومورۇ قاتارلىق يازغۇچى-شائىرلار بۇ جەھەتتە ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن ئىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن خەنزۇ خەلقىنىڭ قەدىمكى تىل-يېزىقىنى پۇختا ئىگىلەپ، بۇ ئارقىلىق مىللەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق پارلاق مەدەنىيىتى، پەلسەپىسى، تارىخى ساۋاقلىرى بىلەن ئوبدان تونۇشقان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بۈگۈنكى ھالىتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ھەر بىر مەسىلىنىڭ رېئال ۋە تارىخىي سەۋەبلىرىنى چوڭقۇر ئىگىلىگەن. بۇ ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجات قىلىپ، يالغۇز جۇڭگو خەلقىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيادىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇنىڭدىن ئانا تىلىمىزنىڭ ئۆتمۈشىنى بىلىشنىڭ نەقەدەر زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

بىز ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنى تېخى ئەمدىلا باشلىدۇق، بۇ جەھەتتە ئۇزۇندىن بېرى دۆۋىلىنىپ قالغان ئىشلار تېخى ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. بۇ ۋەزىپىنى ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا تۈگىتىپ بولغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەچچە ئەۋلات ھارماي-تالماي ئىزلىنىشكە ۋە بۇ ئىشلارنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بىز بۇ خىل تەتقىقاتنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك ۋە كېيىنكى تەتقىقات ئىشلىرى ئۈچۈن بىر مۇنتىزىم تەتقىقات قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشىمىز لازىم. بۇ قوشۇندىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى پۇختا بىلگەن بولۇشلىرى زۆرۈر، ھېچ بولمىغاندىمۇ يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى مۇكەممەل بىلگەن بولۇشلىرى زۆرۈر. ھازىر بۇ ئىشقا سىنەكىمەي، بىپەرۋالىق قىلىپ، كېيىنچە ئانا تىلىمىزنىڭ ئۆتمۈشىنى بىلىدىغان تەتقىقاتچىلىرىمىز تۈگەپ كېتىپ، خىزمەتلەرگە تەسىر يەتكەندە پۇشايمان قىلغان ياكى ئالدىراپ-سالدىراپ پالاقلىغان بىلەن ئىشنى ئورنىغا كەلتۈرمەك تەس، ئۇ چاغدا بىز تولىمۇ كېچىككەن بولىمىز.

3. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش كۆمۈلۈپ قالغان مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى قېزىپ چىقىشىمىزدا ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

خەلقىمىز ئۆز مەدەنىي مىراسلىرىنى تارىختىن ساخلاپ كېلىۋاتقان باي بىر غەزىنە. مەدەنىي مىراسلىرىمىز ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ تارىخىي جەريانلاردا نەچچە يۈز قېتىملاپ بۇزغۇنچىلىققا ۋە بۇلاڭ تالاڭلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنە نۇرغۇنلىغان

www.uyghurkitap.com

مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى خەلقنىڭ قولىدا ساقلىنىپ قالغان. ئۇنى خەلقىمىز قارچۇغىدەك ئاسراپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قالدۇرۇپ كەلدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى تېپىلىپ كۆپچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بولسىمۇ، يەنە بىر مۇنچىلىرى يەنىلا شەخسلەرنىڭ قولىدا يوشۇرۇن ھالدا ساقلىنىپ تۇرماقتا. ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆمۈلۈپ قالغان ئەقىل جەۋھەرلىرىنى ئېچىپ، چاڭ - توزاڭلىرىنى قېقىۋېتىپ، ئىلىم - پەن دۇنياسىغا قايتا چىقىرىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى. قەدىمكى مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى يورۇقلۇققا چىقىرىپ ئۇنى نۆۋەتتىكى «4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش»، سوتسىيالىستىك ئىككى خىل مەدەنىيەت يارىتىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش بۈگۈنكى ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن شەرەپلىك مەجبۇرىيەت. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى بىلگەن كىشى ھەر قانداق جايدا ساقلانغان يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەر ئۇچراپ قالسا، دەرھال بايقاپ ئالالايدۇ ۋە ئۇنى خەلققە تونۇشتۇرالايدۇ. ئەگەر بۇ تىلنى بىلمىسە، ئۇنداق كىشىنىڭ ئالدىغا ھەر قانداق ئېسىل ئەسەرلەر ئۇچراپ قالسىمۇ «گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونىمىساڭ نىمە پايدا» دېگەندەك ئىش كۆرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنداق كىشىگە يولۇققان كلاسسىك ئەسەرلىرىمىز، بۇ تىلنى بىلىدىغانلارغا ئۇچراپ بولغىچىلىك داۋاملىق يوشۇرۇن ھالدا ساقلىنىپ تۇرىدۇ، ياكى شۇنىڭ بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىش خەۋپىگە ئۇچرايدۇ. بۇنىسى بەك ئېچىنىشلىق ئەھۋال.

4. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى پۇختا بىلىش - ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى كېڭەيتىشىمىز ۋە ئېنىقراق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىزگە مەلۇمكى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىر (خاقانىيە) تىلىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بولسا، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ داۋامى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىرامماتىك قۇرۇلۇشى ھەققىدە ئىلمىي ۋە تارىخىي بىلىمگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئۆگىنىش كېرەك. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى (ئېتىمولوگىيىسى) نى چۈشىنىش ۋە بۇ ھەقتە ئىلمىي كۆز قاراشنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۇسسىماق» دېگەن سۆزنىڭ «سۇ ئىچكۈسى كەلمەك» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى بىلسەكمۇ، لېكىن، بۇ سۆزنىڭ قانداق ياسالغانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىكى تۈپ سۆزنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى يۇقىرىقى تەلەپپۇزدىن پەرقلەندۈرۈش قىيىن. بۇنى بىلىش ئۈچۈن بىز يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ سۆزنىڭ «سۇ ساماق» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. («كىرىپ بۇ باغ ئارا مىۋە تىرەيىن، سۇ ساغانغە ئالىپ

چىقىپ بېرەيلى»، («مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەت كام» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982-يىل نەشرى 15-بەتكە قاراڭ). بۇ سۆز ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلىدىمۇ يۇقىرىقىدەك تەلەپپۇز قىلىنغان. (ئەر سۇسادى، يەنى ئادەم ئۇسسىدى. («تۈركىي تىللار دىۋانى») شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى 1-توم 371-بەتكە قاراڭ) بۇنىڭدىن بىز بۇ سۆزنىڭ سۆز تومۇرى (ياكى تۈپ سۆزى) «سۇ» ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىمىز ۋە «سۇ» دېگەن ئىسىمغا ئىمكان ئىستەك پېئىلىنى ياسىغۇچى قوشۇمچە «سا» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن يۇقىرىقى سۆز تۈزۈلگەنلىكىنى، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن فونېتىك ئۆزگىرىش ياساپ، «سۇ» سۆزىدىكى «ئۇ» ھەرپى «س» نىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ قېلىش بىلەن بۈگۈنكى كۈندە «ئۇسسىماق» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز.

يەنە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «بۈگۈن» دېگەن سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئالساق، بۇ سۆز يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «بۇكۈن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. بۇنىڭغا قاراپ بىز بۇ سۆز ئىككى سۆز (بۇ دېگەن ئالماش، كۈن - دېگەن ئىسىم) نىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەنلىكىنى، دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «بۇ» سۆزىدىكى «ئۇ» نىڭ «ئۈ» گە، «كۈن» سۆزىدىكى «ك» نىڭ «گ» گە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. بۇ سۆزلەرنى ئېتىمولوگىيە جەھەتتىن بۇنداق تەتقىق قىلىش سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى بىلىش ۋە تۈپ مەنىسىنى بىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش زۆرۈر.

5- يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئۆگىنىش بىلىم ئېلىش دائىرىمىزنى كېڭەيتىشىمىزدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا 700 يىلدىن ئارتۇقراق ئىزچىل تۈردە رول ئويناپ كەلگەن تىل. بۇ ئۇزۇن تارىخي جەرياندا ئىجات قىلىنغان ۋە تەرجىمە قىلىنغان نادىر ئەسەرلىرىمىز ھەقىقەتەن ئىنتايىن كۆپ. بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە غايەت زور ئىلمي ۋە ئەدەبىي بايلىقتۇر. بۇ تىلدىن پايدىلىنىشنى بىلىش، بۇ ئەسەرلەرنى ئۆگىنىش، بىلىش دائىرىمىزنى كېڭەيتىشتە ئىنتايىن مۇھىم. ھەر قانداق بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ بۈگۈنى بولغىنىدەك ئۆتمۈشىمۇ بولىدۇ. بۈگۈن ھەقىقەتەن مۇكەممەل بىلىشكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن چوقۇم ئۆتمۈشىنىمۇ بىلىش كېرەك. ئەتىگە قانداق قەدەم بېسىش ئۈچۈن ئىلگىرى بېسىپ ئۆتكەن قەدەملىرىمىزگە بىر قۇر نەزەر سېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، بىز ئۆزىمىزنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىمىزنى ئېتىۋارسىز قالدۇرماستىن ئۇنى ئوبدان ئۆگىنىشىمىز زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن تىلىمىزنىڭ ئۆتمۈشىنىمۇ ئوبدان بىلىشىمىز كېرەك.

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىل - يېزىقى 7 ئەسىر مابەينىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوللىنىلىپ قالماستىن، بەلكى تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى بارلىق مۇسۇلمان ۋە مۇسۇلمان بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئورتاق يېزىقچە ئەدەبىي تىلى سۈپىتىدە خىزمەت قىلدى. ئەگەر بىز بۇ تىل - يېزىقنى بىلسەك تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭمۇ تارىخى، مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى تارىخ سەھنىسىدىن پۈتۈنلەي چۈشۈپ كەتتى، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇ تىل ۋە يېزىق بىلەن چەتئەللەردە ھېلىمۇ كىتاب ژۇرناللار نەشر قىلىنىۋاتىدۇ. شۇڭا يېقىنقى زامان تىل - يېزىقىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ بۇ ئەسەرلەردىنمۇ پايدىلىنىشنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك.

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە ئەھمىيىتى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەنلەر بىلەنلا تۈگەپ قالمايدۇ. بۇنىڭ ھازىرقى مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىمىزدە ھەر تەرەپلىمە زۆرۈرىيىتى ۋە كۆپ جەھەتتىن پايدىسى بار. شۇڭا بىز بۇ دەرسكە نىسبەتەن يېتەرلىك ۋاقىت ئاجرىتىپ چىڭ تۇتىشىمىز، شەرت - شارائىتنىڭ ھازىرلىنىشىغا قاراپ ئوتتۇرا ئەسىر ۋە قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىغا قەدەر چوڭقۇرلاشتۇرۇپ بېرىشىمىز لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچى ھەر بىر كىشى بۇ دەرسنى ئالىي مەكتەپلەردە، بولۇپمۇ تىل - ئەدەبىيات مەخسۇس كەسپىي سىنىپلىرىدا «ئۆتۈلمىسە بولمايدىغان ئاساسىي دەرس» دەپ تونۇشى ۋە بۇنىڭغا نىسبەتەن يېتەرلىك دىققەت ئېتىۋارىنى قوزغىشى لازىم.

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشما جۇملە

راخمان خانبابا

قوشما جۇملە قۇرۇلما جەھەتتە ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئاددى جۇملە-
گە ئوخشاپراق كەلگەن قىسمىدىن تۈزۈلگەن، بىر تۇتاش مۇكەممەل ئىنتوناتسىيىگە
ئىگە بولغان ۋە نىسپى تولۇق مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان گرامماتىكىلىق بىرلىك.
قوشما جۇملىدە ئىككى يۇرۇشتىن ئارتۇق بولغان ئۆز ئارا جۇملە بۆلىكى بولماي-
دىغان قۇرۇلما مەركىزى بولىدۇ. قوشما جۇملە ئادەتتە مۇرەككەپرەك بولغان خە-
ۋەرلىك مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭدا ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق خەۋەر
قىسىم بولىدۇ.

قوشما جۇملە بىلەن ئاددى جۇملىنىڭ پەرقى ئۇلارنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇن-
دا كۆرۈلمەستىن بەلكى گرامماتىكىلىق قۇرۇلمىسىدا كۆرۈلىدۇ. ئاددى جۇملىدە
بىر خەۋەر قىسىم بولىدۇ. (بىر خەۋەرلىك خۇسۇسىيەت بولىدۇ). ئاددى جۇملە يا-
كى ئىككى ئاساسلىق بۆلەك — ئىگە ۋە خەۋەردىن تۈزۈلىدۇ، (ئىككى تەركىپلىك
جۇملە) ياكى بىر ئاساسلىق جۇملە بۆلىكىدىن (ياكى ئىگە، ياكى خەۋەردىن) تۈ-
زۈلىدۇ. (بىر تەركىپلىك جۇملە) قوشما جۇملىدە ئىككى خەۋەر قىسىم بولىدۇ (ئىك-
كى خەۋەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ). قوشما جۇملىنىڭ تەركىبى قىسمى بى-
لەن ئاددى جۇملە پەقەت قۇرۇلما جەھەتتە ئوخشاپراق كەلگەن بولۇپ، سىنتاك-
سىلىق رولى جەھەتتە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ، قوشما جۇملىنىڭ تەركىبى قىسمى
تىلدىكى مۇستەقىل ئالاقىلىشىش بىرلىكى ئەمەس، بۇ ئادەتتە تارماق جۇملە دەپ
ئاتىلىدۇ. قوشما جۇملىدىكى ھەر قانداق تارماق جۇملە مۇكەممەل باياننىنتونات-
سىيىگە ئىگە بولمايدۇ ھەمدە نىسبى مۇستەقىل بولغان تولۇق مەزمۇننىمۇ ئىپادى-
لىمەيدۇ. مەسىلەن:

ئاددى جۇملە:

باتۇر چار تاش تۆۋىدىكى ئىلاننى كۆردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باقى قويچى كۆلۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

قوشما جۈملە:

باتۇر ۋاقىت تاپسىلا ئىسلام بىلەن سىردىشاتتى، ئۇنىڭغا ھال - دەردىنى ئېيتاتتى.

(تارماق جۈملە) (تارماق جۈملە)

ئۇ شۇنچىلىك ئارىلاندىكى، كېچىسى كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

(تارقاق جۈملە) (تارقاق جۈملە)

1. قوشما جۈملىنى تۈرگە بۆلگەندە گرامماتىكىلىق مەنە ۋە گرامماتىكىلىق شەكىل ئالاھىدىلىكى ئۆلچەم قىلىنىشى كېرەك. قۇرۇلما ۋە مەنە دېگەن جۈملە قۇرۇلمىسى ھەمدە بۇ خىل قۇرۇلمىنىڭ مەنىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى قۇرۇلما شەكلى بولسا گرامماتىكىلىق شەكىلدىن ئىبارەت، بۇ يەردىكى مەنا بولسا بۇ خىل قۇرۇلما شەكلىنىڭ ئىپادىلىگەن گراممەتىكىلىق مەنىسىدىن ئىبارەت. بۇ بىر خىل مۇناسىۋەت مەنىسى بولۇپ، ھەر قايسى گراممەتىكىلىق بىرلىكلەرنىڭ بىردە كىشىدىن بارلىققا كەلگەن قۇرۇلما مۇناسىۋىتى. بۇ مۇناسىۋەت بولسا گراممەتىكىلىق مەنىدۇر. گراممەتىكىلىق قۇرۇلمىنىڭ گراممەتىكىلىق مەنىسى مۇئەييەن گراممەتىكىلىق شەكىل (قۇرۇلما شەكلى) ئارقىلىق ئاندىن ئىپادىلىنىدۇ. گراممەتىكىلىق مەنە بولسا ئىككىدىن ئارتۇق تارماق جۈملىنىڭ پۈتۈن قوشما جۈملىدىكى مۇناسىۋەت مەنىسىنى كۆرسەتسە، گراممەتىكىلىق شەكىل ئۇلارنىڭ قانداق گراممەتىكىلىق ئۇسۇللار بىلەن باغلىنىپ كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۆلچەمگە ئاساسەن قوشما جۈملىنى تەڭداش قوشما جۈملە ۋە بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. تەڭداش قوشما جۈملىدىكى ھەر قايسى تارماق جۈملىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى باراۋەر بولۇپ، باش جۈملە ۋە بېقىندى جۈملە، ئاساسلىق ۋە قوشۇمچە دەپ بۆلۈنمەيدۇ. تەڭداش قوشما جۈملىدىكى تارماق جۈملىلەر باغلىنىغۇ-

چىلار ئارقىلىق ياكى باغلىغۇچىلارسىز بىرىكىپ كېلىشى مۇمكىن. بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملىدىكى ھەر قايسى تارماق جۈملىلەر باش جۈملە ۋە بېقىندى جۈملە، ئاساسلىق ۋە قوشۇمچە دەپ بۆلىنىدۇ. ئادەتتە باش جۈملە ئاساسى مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن، بەزىدە بېقىندى جۈملىمۇ ئاساسى مەزمۇننى ئىپادىلەپ كېلىشى مۇمكىن. بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملىدىكى تارماق جۈملىلەر باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ياكى باغلىغۇچىلارسىز ئۆز ئارا بىرىكىپ كېلىشى مۇمكىن. بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملىدە ئۈچتىن ئارتۇق تارماق جۈملە بولغاندا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى گرامماتىكىلىق مۇناسىۋەتلەر نىسبەتەن مۇرەككەپرەك بولسىمۇ، لېكىن بىر قانچە بېقىندى جۈملىلىك (ياكى باش جۈملىلىك) قوشما جۈملە يەنىلا بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملىدىن ئىبارەت بولىدۇ. چۈنكى بۇ خىل جۈملە گەرچە بەزىدە ئۆز ئىچىدە تەڭداشلىق مۇناسىۋەتنى ئېلىپ كەلسىمۇ لېكىن، ئۇنىڭدىكى تۈپكى گرامماتىكىلىق مۇناسىۋەت يەنىلا بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملىگە ئوخشاش بولىدۇ. شۇڭلاشقا تەڭداش قوشما جۈملە ۋە بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملىدىن باشقا يەنە «مۇرەككەپ قوشما جۈملە» ياكى «ئارىلاش قوشما جۈملە» دىن ئىبارەت بىر خىل قوشما جۈملە تۈرىنى ئايرىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ خىل مۇرەككەپلەشكەن قوشما جۈملە پەقەت بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملىدىكى ھەر خىل گرامماتىكىلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ (تەڭداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) بىر جۈملىدە ئىپادىلىنىشىدىنلا ئىبارەت خالاس. قوشما جۈملىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرۇلما قاتلاملىرىنىڭ قانچە ئىكەنلىكىگە ئاساسەن يەنە بىر قاتلاملىق قوشما جۈملە ۋە كۆپ قاتلاملىق قوشما جۈملىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بىر قاتلاملىق قوشما جۈملە ئىككى تارماق جۈملىدىن قۇرۇلىدۇ. تەڭداش قوشما جۈملە (ئۆز ئىچىگە ئالغان تارماق جۈملىنىڭ قانچە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر) ۋە ئىككى تارماق جۈملىدىن تەركىپ تاپقان بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملە بىر قاتلاملىق قوشما جۈملە بولىدۇ. كۆپ قاتلاملىق قوشما جۈملىدە ئىككىدىن ئارتۇق قاتلام بولىدۇ، تارماق جۈملىلەر بىر - بىرى بىلەن قاتلاملىق ھالدا بىرىكىدۇ. تارماق جۈملىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەم تەڭداش ھەم بېقىندىلىق بولۇشى ياكى ساپ بېقىندىلىق مۇناسىۋەت بولۇشى مۇمكىن، ئۈچتىن ئارتۇق تارماق جۈملىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملە كۆپ قاتلاملىق قوشما جۈملە بولىدۇ. مۇرەككەپلەشكەن قوشما جۈملىلەرنىڭ ھەممىسى كۆپ قاتلاملىق قوشما جۈملە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئادەتتە قوشما جۈملە تارماق جۈملىلەرگىچە تەھلىل قىلىنىدۇ.

قوشما جۈملىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى تۆۋەندىكى ئىسخېما بويىچە كۆرسىتىلگەندەك :

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uygurkitap.com

- قوشما جۈملە
  - (گراماتىكىلىق شەكىل ۋە گراماتىكىلىق مەنە بويىچە)
    - تەڭداش قوشما جۈملە
      - باراۋەر مۇناسىۋەتلىك تەڭداش قوشما جۈملە
      - ئۇلانما مۇناسىۋەتلىك تەڭداش قوشما جۈملە
      - چۈشەندۈرمە مۇناسىۋەتلىك تەڭداش قوشما جۈملە
      - تاللىما مۇناسىۋەتلىك تەڭداش قوشما جۈملە
      - ئىلگىرىلىمە مۇناسىۋەتلىك تەڭداش قوشما جۈملە
      - قارىمۇ - قارشى مۇناسىۋەتلىك تەڭداش قوشما جۈملە
      - يىغىق تەڭداش قوشما جۈملە
    - بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملە
      - تولۇقلىما بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملە
      - شەرت بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملە
      - قارشىلىق بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملە
      - سەۋەب بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملە
      - ۋاقىت بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملە
      - بېقىندى جۈملىلىك يىغىق قوشما جۈملە
  - (قۇرۇلما قاتلاملار بويىچە)
    - بىر قاتلاملىق قوشما جۈملە
    - كۆپ قاتلاملىق قوشما جۈملە

## 2 . تەڭداش قوشما جۈملە

### 1 - 2 . باراۋەر مۇناسىۋەتلىك تەڭداش قوشما جۈملە

بۇنداق جۈملىدە ئىككىدىن ئارتۇق مەنە جەھەتتىن مۇناسىۋەتلىك، ئۆز ئارا بارا-

ۋەر بولۇپ كەلگەن تارماق جۈملە. ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىر قانچە ئەھۋالنى ياكى بىر شەيئىنىڭ بىر قانچە تەرىپىنى بايان قىلىپ تەسۋىرلەپ كېلىدۇ، تارماق جۈملىلەر «ۋە، ھەم، ھەمدە، شۇنداقلا، شۇنىڭدەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە» قاتارلىق باغلىغۇچىلار بىلەن باغلىنىپ كېلىشى مۇمكىن، مەسىلەن:

ئېلىقۇلىنىڭ ھامىنىسى چىراققا ياغ قۇيدى ۋە كۆزلىرىدە غەزەپلىك ئۇچقۇن يالتىرىغاندەك بولدى.

ئۇ تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ ھەمدە ئۆگەنگەننى ئىشلىتەلەيدۇ.

باشقىلار بۇغدايدىن مىڭ جىڭدىن ھوسۇل ئالىدىيۇ، بىز نېمىشقا ئالالمايمىزكەن؟

كېچە - كۈندۈز يېقىملىق ساز بىلەن ياڭراپ تۇرىغان بۇ ناخشا قېرىلارنىڭ ھەۋىسىنى ئويغاتسا، ياشلارنىڭ قەلبىدە ئوتلۇق ئىشتىياق قوزغايتتى.

تۈن قاراڭغۇ، دېڭىز دولقۇنلۇق.

دەرت سۆزلىتەر، ئەلەم ئۆلتۈرەر.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ بالىلار بىلەن خوشلىشىپ ماڭدى، بالىلار ئېتىزلىقتىكى قويلىرىنىڭ يېنىغا كەتتى.

دادام گۈلدەستىنى ئەركىنگە ئەمەس، رىزۋانغا تۇتقۇزدى.

ئۆلسەم ئۆلىمەنكى، ساڭا ئىختىيار قىلمايمەن.

غايىلىك ئادەمگە ئىقبال چىرىقى يېنىپ تۇرىدۇكى، ھەرگىز ئۆچۈپ قالمايدۇ.

يولۇچىلارنىڭ بەزىلىرى پاراڭ سوقماقتا، بەزىلىرى كىتاب كۆرمەكتە، بەزىلىرى غىڭشىپ ناخشا ئېيتماقتا.

بازار كۈنى ئەپەندىم ئېشىكىنى سېتىپ پىيادە كېتىپ بارسا، بازاردىن ئاتلىق قايتقان ئىمام ئۇچراپتۇ.

2 - 2. ئۇلانما مۇناسىۋەتلىك تەڭداش قوشما جۈملە

بۇنداق جۈملىدە ئىككىدىن ئارتۇق تارماق جۈملە ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكى ياكى بىر ئىشنىڭ سادىر بولۇشىنىڭ رەت تەرتىۋى بويىچە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىدۇ. تارماق جۈملىلەر «ۋە» قاتارلىق باغلىغۇچىلار بىلەن باغلىنىپ كېلىشى مۇمكىن، مەسىلەن:

ئالىمجان كۈلۈمسىرىدى ۋە خۇشاللىق بىلەن بۇ سىرنى ئېيتىپ بەردى.

گۈلباھار ئالدىراش كونۋېرتنى يىرتتى - دە خەتكە كۆز يۈگۈرتتى.

گۈلباھار ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىۋىدى، يېقىملىق كۈلكە ئارىلاش قاراپ تۇرغان رەيھاننى كۆردى.

ئىمىدۇر داراڭلىدى، چۆچۈپ قارىدىم، ئارقا ئىشىكتىن چېلەك كۆتۈرۈپ بىر قىز چىقىۋاتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

3 - 2 . چۈشەندۈرمە مۇناسىۋەتلىك تەڭداش قوشما جۈملە

بۇنداق جۈملىدە ئىككىدىن ئارتۇق تارماق جۈملىنىڭ بىر تارماق جۈملىسى ئومۇمىي ھالدا بىر ئىشنى، بىر ئەھۋالنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يەنە بىر تارماق جۈملە ياكى بىر قانچە تارماق جۈملە ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

پارتىيە ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىشلارنى ئاسان قىلىپ بەردى: غۇربەتلىكتىن قۇتۇلۇپ كۆڭۈلدىكىدەك ئوقۇۋالدى.

خاماندا ئىش قايىنغان: قول تىراكتورلىرى بۇغداي تەپمەكتە، ئەزالار مىشكاپلارغا بۇغداي قاچىلاپ تىراكتورلار بىلەن توشۇماقتا.

4 - 2 . تاللىما مۇناسىۋەتلىك تەڭداش قوشما جۈملە

ئىككىدىن ئارتۇق تارماق جۈملىدە ئىپادىلەنگەن شەيئىلەرنىڭ بىر ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغانلىقى، ئىككىسىدىن بىرسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى ياكى تاللاش لازىملىقىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. تارماق جۈملىلەر «يا، ياكى» قاتارلىق باغلىغۇچىلار بىلەن باغلىنىپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

نىمىشقا كەلمىدىڭ، يا بىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

بۇ يۇرتتا يا سەن تۇر، ياكى مەن تۇراي.

5 - 2 . ئىلگىرىلىمە مۇناسىۋەتلىك تەڭداش قوشما جۈملە

ئىككىدىن ئارتۇق تارماق جۈملىنىڭ مەنە جەھەتتە ئېغىر - يېنىكلىك پەرقى بولۇپ، كېيىنكى تارماق جۈملىنىڭ مەنىسى، ئالدىنقى تارماق جۈملىگە نىسبەتەن بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن بولىدۇ. تارماق جۈملىلەر «بەلكى، ھەتتا» قاتارلىق باغلىغۇچىلار بىلەن باغلىنىپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ئوقۇغۇچىلار دەرسخانىدا ئاڭلىغانلىرى بىلەن چەكلىنىپ قالمىدى، بەلكى ئۆزلىرىمۇ ئىزدىنىپ ئۆگەندى.

زال ئادەمگە لىق تولدى، ھەتتا ئولتۇرغۇدەك يەرمۇ قالمىدى.

6 - 2 . قارىمۇ - قارشى مۇناسىۋەتلىك تەڭداش قوشما جۈملە

ئىككى تارماق جۈملە ئىپادىلىگەن مەزمۇن ئۆز ئارا قارىمۇ - قارشى بولىدۇ. تارماقلار جۈملىلەر «لېكىن، ئەمما، بىراق» قاتارلىق باغلىغۇچىلار بىلەن باغلىنىپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

مۇدىر ئىخلاس بىلەن ئاڭلىدى، لېكىن كۆزلىرى غەمكىن ئىدى.

مەھەللىدىكى ياش يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى مايسىخاننى ياخشى كۆرىدىكەن، ئەمما مايسىخان زىمىندار ماقۇتنىڭكىدە يىللىقچى بولۇپ ئىشلەيدىغان قۇربانىنى يارىتىدىكەن.

ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان بەختى ناھايىتى غەزەپلىنىپتۇ، بىراق ھېلىقى ساختىپەز دوستى پادىشاغا كويوغۇل بولۇش ئالدىدا تۇرغاندا ئۇنىڭغا قانداقمۇ كۇچى يەتسۇن؟

نىمىلەرنى كۆرمىدىم، سازايى قىلىندىم، تۈرمىدىمۇ ياتتىم، مېنىڭ كىتابلىرىمنى، تەتقىقات ماتېرىياللىرىمنى كۆيدۈرۈۋېتىشتى، لېكىن، ئىلىم - پەنگە بولغان ئاشىق قەلبىمنى ھېچكىم سۇندۇرالمىدى.

بىز ئەڭ ئېغىر ۋە ئەڭ قىيىن ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەككى، ھەرگىز قىيىنچىلىق ۋە ئېغىرچىلىقنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويماسلىقىمىز كېرەك.

مازار ئۇخلايدۇ، شېپىخلار كۆكلەيدۇ.

بار ئۇخشىتىدۇ، يوق قاقشىتىدۇ.

7 - 2 . يىغىق تەڭداش قوشما جۈملە

3 . بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملە

1 - 3 . تولۇقلىما بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملە

بېقىندى جۈملە باش جۈملىدە ئېيتىلغان ياكى ئېيتىلمىغان مەلۇم سۆزنىڭ (تولۇقلانماقچى بولغان سۆزنىڭ) مەزمۇنىنى ياكى باش جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلاپ، ئىزاھلاپ كېلىدۇ. بۇ خىل سۆزلەر كۆپىنچە كۆرسىتىش ئالماشلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل قوشما جۈملىدە جۈملىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى بېقىندى جۈملىدە بولىدۇ. بېقىندى جۈملە باش جۈملىنىڭ كەينىدە كېلىدۇ، بۇ خىل قوشما جۈملە شەكلىدە كۆچۈرمە جۈملىلەر بېقىندى جۈملە بولۇپ كېلىشى مۇمكىن، تارماق جۈملىلەر ئادەتتە «كى» باغلىغۇچىسى بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقتەك ئېتىلىپ بارغان ھۇسەينەم كۆردىكى، چوڭ ئېرىقنىڭ بىر يېرى پۇت

باش جۈملە

بىلەن ئېچىۋېتىلگەن.

بۇ كۈرەشتە غەلىبە قىلغان شائىر ۋە باشقا مېھمانلار شۇنداق كۈلۈپ كەتتىكى، ئۇلار ئۇزاقتىن - ئۇزاققىچە ئۆزىنى باسالماي قېلىشتى.

ھەممىگە مەلۇمكى، مىلتىق دورىسىنى جۇڭگو ئىجات قىلغان.

مۇنداق بىر پاكىت كىشىلەرگە ئايان بولسا كېرەك: بىر سىنىپتا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ئانچە پەرقلەنمىسىمۇ، شۇنىڭدەك جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىنكى تۇرمۇش شارائىتى ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ياراتقان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۆھپىسىدە پەرق چوڭ بولىدۇ.

مەن ئۆمۈر بويى مۇنداق قارايمەن: خىزمەتنى قىزغىن سۆيگەن ۋە خىزمەتنى قىلىشقا ماھىر بولغان كىشىلەرلا، ئەڭ ھەقىقىي قەھرىمانلاردۇر.

گوركى

شائىر بۇ جەھەتتىكى ھېسسىياتىنى «كۆرەش قىزى» ئوپېراسىدا باش قەھرىمان يولەننىڭ تىلىدىن مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«ھەقىقەتنىڭ كىتابىدۇر مېنى قوزغاتقان،
ئىنقىلابى يەنئەن ئۇنىڭ تۆرەلگەن جايى.»

2 - 3 . شەرت بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملە

ئىككى تارماق جۈملىدە شەرت ۋە نەتىجە مۇناسىۋىتى بولىدۇ. بېقىندى جۈملە شەرتنى بىلدۈرسە، باش جۈملە يەكۈن ياكى نەتىجىسىنى بىلدۈرىدۇ، شەرتنى بىلدۈرىدىغان تارماق جۈملىنىڭ خەۋەرى پېئىلىنىڭ، شەرت رايىنىڭ گراماتىكىلىق شەكىللىرىدە ياكى ۋاستىلىق بايان رايىنىڭ گراماتىكىلىق شەكىللىرىدە كېلىدۇ. ئادەتتە بېقىندى جۈملە باش جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

قازاندا نىمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ.

سەۋىيىنى ئۆستۈرۈپ تۇرمىساق، خىزمەتنى ياخشى يۈرۈشتۈرگىلى بولمايدۇ.

ئەگەر ساڭا ماقۇل كەلسە، ئۆمۈرلۈك دوست بولايلى.

سىلەردەك ياخشى قېرىنداشلار بار يەردە، نىمىدىن قورقاتتۇق.

(قېيۇم تۇردى: «كۈرەشچان يىللار»)

ئەگەر پۈتۈن ئىنسانىيەت ئازاد قىلىنمايدىكەن، پرولېتارىيات ئۆزىمۇ ئاخىرقى ئازادلىققا ئېرىشەلمەيدۇ.

(ئىمىن تۇرسۇن: «ئۇيغۇر تىلىدىن ساۋات»)

كۈن ئېچىلىپلا كەتسە ئىدى، بىز بۇغداي ئورمىسىغا چىقاتتۇق.

(ئىمىن تۇرسۇن: «ئۇيغۇر تىلىدىن ساۋات»)

3 - 3 . قارشىلىق بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملە

بۇ خىل قوشما جۈملىدە بېقىندى جۈملە ئادەتتە باش جۈملىدىكى ئىش - ھەركەتنىڭ سادىر بولۇشى ۋە ئەمەلگە ئېشىشىغا نىسبەتەن تەسىر كۆرسىتىدىغان شەرتنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن باش جۈملىدىكى ئىش - ھەركەت بۇ شەرتلەرنىڭ تەسىرىگە قارىماي يەنىلا سادىر بولۇشىنى ۋە ئەمەلگە ئېشىشىنى بىلدۈرىدۇ. قارشىلىق بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى پېئىلنىڭ شەرت رايىنىڭ گراماتىكىلىق شەكلىگە «مۇ» ئۇلانمىسى قوشۇلغان ھالدا ياكى بۇيرۇق - تەلەپ رايىنىڭ گراماتىكىلىق شەكلە-

دە (بەزىدە «مەيلى» دېگەن باغلىغۇچى بىلەن بىللە) كېلىدۇ. بېقىندى جۈملە باش جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ يول خېلىدىن بېرى ئوچۇق بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر ئېتىلماي كەلگەن ئىدى.

بۇ گەرچە ئاددى بىر خاتىرە مەسىلىسى بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان غەرەز ناھايىتى زەھەرلىك!

— ياق، مەيلى كىم يېسۇن، ساتمايمەن.

## 4 - 3 . سەۋەپ بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملە

بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىكى ئىش - ھەرىكەتنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرىدۇ. بېقىندى جۈملە باش جۈملىنىڭ ئالدىدا ياكى كەينىدە كېلىشى مۇمكىن، تارماق جۈملىلەر «چۈنكى، شۇڭا، شۇڭلاشقا، شۇنىڭ ئۈچۈن، سەۋەبى، شۇ سەۋەبتىن» قا - تارلىق باغلىغۇچىلار بىلەن باغلىنىپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ئۇ ئۆيىگە يېتىشكە ئالدىرايتتى چۈنكى ئۇنىڭ ئاغرىق ئېرى ئىككى كىچىك بالا بىلەن ئۆيدە قالغان ئىدى.

بۇ ئىككىسى ئۇزۇن يىللىق سىرداش دوستلار ئىدى، شۇڭا تاڭ شۈجىن قەلبىدىكى بارلىق دەرت - ئەلەمنى جېڭ شۇمىغا بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

جەڭچىلەر قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەننى يې - ڭەلىدى.

بارلىق ئەكسىيەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەيدۇ، شۇڭلاشقا بىز ئىنقىلابى ھوشيارلىقىمىزنى قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقىمىز لازىم.

بىز خەلقنىڭ ۋەكىلى ئىكەنمىز، ئوبدان ۋەكىللىك قىلىشىمىز كېرەك.

## 5 - 3 . ۋاقىت بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملە

بۇ خىل جۈملىلەر باش جۈملىدىكى ھەرىكەت بىلەن بېقىندى جۈملىدىكى ھەرىكەتنىڭ زامان جەھەتتىكى مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ باش جۈملە بىلەن بېقىندى جۈملىدىكى ھەرىكەتنىڭ بىر ۋاقىتتا بولغانلىقى ياكى ئالدى - كېيىن بولغانلىقىنى ياكى بېقىندى جۈملىدىكى ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ۋاقتىنىڭ باش جۈملىدىكى ھەرىكەتنىڭ بىر قىسىم ۋاقتىغا توغرا كېلىدىغانلىقى قاتارلىق مۇناسىۋەتلەرنى بىلدۈرىدۇ. بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى پېئىلنىڭ شەرت رايىنىڭ گىرامماتىكىلىق شەكىللىرىدە كېلىدۇ. بېقىندى جۈملە باش جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىر چاغدا گۈلخۇشتۇمۇر كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ئۆزىنى چىن ماچىن شەھىرىنىڭ ھەشەمەتلىك دەرۋازىسى ئالدىدا كۆرۈپتۇ.

گۈلخۇشتۇمۇر يېقىن بېرىپ قارىسا، ئۇ باسماققا چۈشۈپ قالغان كىيىك ئىكەن.

قىز ئىشىكنى شۇنداق ئېچىپ قارىسا، ئوتتۇرىدىكى يېشىل سىرلىق ئالتۇن ھەل بېرىلگەن قەۋەتمۇ-قەۋەت گۈللۈك ئىشىكلەر ئارقا-ئارقىدىن جاراڭلاپ ئې-چىلىپتۇ.

بىر كۈنى پادىشا ئوۋغا چىقىپ كېتىۋاتسا، بېلى مۈكچەيگەن، قوۋۇرغىسى كۆرۈنۈپ قالغان ھالىقى دېھقان ئىككى مو يەرگە كۆچەت تىكىپ باغ قىلىۋاتقىدەك.

3.6 بېقىندى جۈملىلىك يىغىق قوشما جۈملە [6.2 (2) سۆزلىنىدۇ]

4. قوشما جۈملىنىڭ مۇرەككەپلىشىشى

بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملە ئۆز ئىچىگە ئۈچتىن ئارتۇق تارماق جۈملىنى ئېلىپ كەلگەندە، ئۇنىڭدىكى گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەتلەر نىسبەتەن مۇرەككەپرەك بولىدۇ.

4.1 بىر قانچە بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملە

بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملىدە بىرلا بېقىندى جۈملە بولۇپ قالماي، بەلكى بىر قانچە بېقىندى جۈملە بولۇشى مۇمكىن.

(1) 4.1 تەڭداش بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملە

بىر قانچە تەڭداش بېقىندى جۈملە بىر باش جۈملە بىلەن ئوخشاش بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە كېلىدۇ.

يەرنىڭ تەلپىنى قاندۇرساق، خالىغىنىنى بەرسەك، يەر بىزگە قانچىلىك ھوسۇل بېرەلەيدىكىن.

| يەرنىڭ تەلۋىنى قاندۇرساق، | | خالىغىنىنى بەرسەك، |
|---|---|---|
| بېقىندى جۈملە | | بېقىندى جۈملە |

↓

| يەر بىزگە قانچىلىك ھوسۇل بېرەلەيدىكىن |
|---|
| باش جۈملە |

ئۆگىنىشكە بارمىساق، بىلىمكۆزنى پاش قىلمىساق، ئىچ پۇشۇغىدىن قاچان قۇتۇلىمەن.

ئۈگىنىشكە بارمساق، | بىلىقكۆزنى پاش قىلمساق،
بىقىندى جۈملە | بىقىندى جۈملە

↓

ئىچ پۇشۇغىدىن قاچان قۇتۇلسەن.

باش جۈملە

بۇ خىل قوشما جۈملە شەكلىدە ھەر قايسى بىقىندى جۈملە ئۆز ئالدىغا يە- نە باش جۈملە ئېلىپ كېلىپ بىر باش جۈملىگە تەڭداش باغلىنىپ كېلىشى مۇم- كىن. مەسىلەن:

بۇرادىرىم تۆمۈر دەيدىكى، ئىككى ئۆيىنىڭ قۇرغۇنىنى قوشسا، بىر قازان ئاش بولىدۇ، قىسمەت ئاكام بىلەن مەسۇدىخان ئايلام باش قوشسا، كارامەت بە- لەن توي بولىدۇ.

باش جۈملە

بۇرادىرىم تۆمۈرد ەيدۇكى،

↑

ئىككى ئۆيىنىڭ قۇرغۇنىنى قوشسا، بىر قازان ئاش بولىدۇ؛ | قىسمەت ئاكام بىلەن مەسۇدى- خان باش قوشسا، كارامەت بەلەن توي بولىدۇ.
بىقىندى جۈملە | بىقىندى جۈملە

كىشىنىڭ شۇنداقمۇ كۈنلىرى بولىدۇكى، ئايلار، يىللار ئۆتسىمۇ، بەرىبىر ئۇ كۈن سىنىڭ ھاياتىڭدا يېڭى پېتى تۇرۇۋېرىدۇ، يىللار ئۆتۈپ ئەسلىسەڭ، ئۇ كۈننىڭ سانسىز قۇم دانلىرى ئارىسىدا يالتىراپ تۇرغان ئالتۇن پارچىسىدەك باشقا كۈنلىرىڭدىن ئالاھىدە، مەنىلىك ۋە تەنتەنىلىك بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

باش جۈملە

كىشىلەرنىڭ شۇنداق كۈنلىرى بولىدۇكى

↓ ↓

ئايلار، يىللار ئۆتسىمۇ بەرىبىر ئۇ كۈن سى- نىڭ ھاياتىڭدا يېڭى پېتى تۇرىۋېرىدۇ، | يىللار ئۆتۈپ ئەسلىسەڭ، ئۇ كۈننىڭ سانسىز قۇم دانلىرى ئارىسىدا يالتىراپ تۇرغان ئالتۇن پارچى- سىدەك باشقا كۈنلىرىڭدىن ئالاھى- دە، مەنىلىك ۋە تەنتەنىلىك بو- لۇپ كۆرۈنىدۇ.
بىقىندى جۈملە | بىقىندى جۈملە

(2) 4.1 دەرىجىلىك بىقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملە

بۇ خىل قوشما جۈملىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بىقىندى جۈملىلەر بىر-

بىرىگە دەرىجىمۇ - دەرىجە بېقىنىپ كېلىپ، ئاخىرقى بىر بېقىندى جۈملە باش جۈملىگە بېقىنىدۇ. مەسىلەن:

ئادەمنى تاغارغا سولىۋالساڭ، ئىسسىقتا ئۆلۈپ قالسام، كىمگە ھېساب؟

↓

| | |
|---|---|
| بېقىندى جۈملە | ئادەمنى تاغارغا سولىۋالساڭ، |
| بېقىندى جۈملە | ئىسسىقتا ئۆلۈپ قالسام، |
| باش جۈملە | ↓ كىمگە ھېساب؟ |

ئارسلانوپ بالىنىڭ كېسىلى ئوپېراتسىيە قىلىنمىسا مىنىڭگىتكە ئايلىنىپ كېتىش خەۋپى بارلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئاتا - ئانىسىنى كۆندۈرەلمەي ئامالسىز ئۇكۇل - دورىلار بىلەن داۋالاشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.

| | |
|---|---|
| بېقىندى جۈملە | ئارسلانوپ بالىنىڭ كېسىلى ئوپېراتسىيە قىلىنمىسا |
| بېقىندى جۈملە | ↓ مىنىڭگىتكە ئايلىنىپ كېتىشى خەۋپى بارلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ |
| باش جۈملە | ↓ ئاتا - ئانىسىنى كۆندۈرەلمەي، ئامالسىز ئۇكۇل - دورىلار بىلەن داۋالاشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. |

4.2 تەڭداش باش جۈملىلىك قوشما جۈملە

ھەم تەڭداش مۇناسىۋەت ھەم بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوشما جۈملىدە بەزى تارماق جۈملىلەر (باش جۈملىلەر) تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلىنىدۇ. يەنە بەزى تارماق جۈملىلەر (بېقىندى جۈملىلەر) بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىدۇ، بۇ خىل قوشما جۈملىلەر ئىككى خىلغا بۆلىنىدۇ:

(1) 4.2 بىر بېقىندى جۈملە ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كەلگەن تارماق جۈملىلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ. يەنى بىر قانچە تەڭداش باش جۈملە ئورتاق بىر بېقىندى جۈملىگە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇتقۇچى بولغان ئادەم پەننىڭ يېڭى پەللىلىرىنى ئىگەللىمىسە، قانداقمۇ ئوقۇغۇچىلارغا ياخشى ئۆگىتەلىسۇن، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا قانداقمۇ تۆھپە قوشالىسۇن.

ئوقۇتقۇچى بولغان ئادەم پەننىڭ يېڭى پەللىلىرىنى ئىگەللىمىسە،

بېقىندى جۈملە

↓ قانداقمۇ ئوقۇغۇچىلارغا ياخشى ئۆگىتەلىسۇن،

باش جۈملە

↓ قانداقمۇ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا تۆھپە قوشالىسۇن.

باش جۈملە

بىر نەرسە تېپىۋالسا، ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرەتتى، ياكى نامراتلارغا سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتەتتى.

بىر نەرسە تېپىۋالسا،

بېقىندى جۈملە

↓ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرەتتى،

باش جۈملە

↓ ياكى نامراتلارغا سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتەتتى

باش جۈملە

(2) 4.2 تەڭداش باش جۈملىلەرنىڭ بىرى ياكى بىر قانچە تارماق جۈملىلەرنىڭ قايسىسى بىردىن ياكى بىر قانچىدىن بېقىندى جۈملە ئېلىپ كېلىدۇ.
مەسىلەن:

سەن قورقماي ئىشنى باشلاپ تۇرغىن، يېتىشەلمىسەڭ باي ئاكاڭ بار.

بېقىندى جۈملە

يېتىشەلمىسەڭ

↓

سەن قورقماي ئىشنى باشلاپ تۇرغىن،

باش جۈملە

باي ئاكاڭ بار

باش جۈملە

ئۆيگە ئوغرى كەلسە، بىزنىڭ تۇرپاندا ئوغرىنى تۇتۇپ راسا ئەدىۋىنى بېرىمىز، بۇ يەردە قانداق قىلىدۇ؟

بېقىندى جۈملە

ئۆيگە ئوغرى كەلسە،

↓

بىزنىڭ تۇرپاندا ئوغرىنى تۇتۇپ راسا ئەدىۋىنى بېرىمىز،

باش جۈملە

بۇ يەردە قانداق قىلىدۇ؟

باش جۈملە

كىمكى مېنى چېلىشىپ يېڭەلىسە، شۇ كىشىگە قىزىمنى بېرىمەن، ئەگەر يېڭەلمىسە، جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلىمەن.

بېقىندى جۈملە

بېقىندى جۈملە

كىمكى مېنى چېلىشىپ يېڭەلىسە،
↓
شۇ كىشىگە قىزىمنى بېرىمەن،
باش جۈملە

ئەگەر يېڭەلمىسە،
↓
جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلىمەن.
باش جۈملە

مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، شىپاخانىدىن ئايرىلماڭ، كېسەل كەلسە كۆتۈپ قالىدۇ.

بېقىندى جۈملە
كېسەل كەلسە،
↓
مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، | شىپاخانىدىن ئايرىلماڭ، | كۆتۈپ قالىدۇ.
باش جۈملە | باش جۈملە | باش جۈملە

يېقىندىن بېرى، بىر كۆڭۈلسىز گەپ ئاڭلىدىم، ئېيتاي دېسەم تىلىم كۆيىدۇ، ئېيتماي دېسەم دىلىم.

بېقىندى جۈملە | بېقىندى جۈملە
ئېيتاي دېسەم | ئېيتماي دېسەم
↓ | ↓
يېقىندىن بېرى كۆڭۈلسىز گەپ ئاڭلىدىم، | تىلىم كۆيىدۇ، | دىلىم
باش جۈملە | باش جۈملە | باش جۈملە

تەبىئىيكى، قوشما جۈملىدىكى ھەر قايسى تارماق جۈملىلەرنىڭ بىرىكىش ئۇسۇلى بۇ بىر قانچە خىللا ئەمەس، شۇڭلاشقا ھەر بىر تارماق جۈملە بىلەن باشقا تارماق جۈملىلەرنىڭ گىراممانتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىگىللىگەندە، ھەمدە ئۇلارنىڭ پۈتۈن قوشما جۈملىدىكى تۇتقان ئورنىنى نەزەرگە تۇتقاندا پۈتۈن بىر قوشما جۈملىنى چۈشۈنىشكە بولىدۇ.

### 5. كۆپ قاتلاملىق قوشما جۈملە

#### 5.1. ئىككى قاتلاملىق قوشما جۈملە:

A ئۇكا، سېنى بالىمىكىن دېسەم، ‖ ə ساقىلىڭ چىقىپ قاپتۇ، | B قېرىپ ئالجىدىمىكىن دېسەم، ‖ P تېخى ياش تۇرۇپسەن.①




① A، ə، B قاتارلىق ھەرپلەر تارماق جۈملىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، تىك سىزىقچە قوشما جۈملىنىڭ قاتلىمىنى كۆرسىتىدۇ. (مەسىلەن «1» تىك سىزىقچە بىرىنچى قاتلامنى بىلدۈرىدۇ)



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىرىنچى قاتلام تەڭداش

A ə

گەرچە دوختۇرلار كۆپەيتىلگەن بولسىمۇ، || كېسەلنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلىيالمىدى، | چۈنكى ئۇلارمۇ ئالدىنقى دىئاگنوزدىن پەرقلىق بولغان يېڭى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى.

B




A ə B

مەنمۇ شۇنداق بولۇشىنى ئىزلەيمەن، | لېكىن ئالدىن ئېيتىپ قويايكى || قۇددۇس پەيزىدە سىز ئوپېراتسىيە قىلماقچى بولغان دەرت يوق.




5.2 قاتلاملىق قوشما جۈملە:

A ə

مۇنداق بىر پاكىت كۆپ كىشىلەرگە ئايان بولسا كېرەك: | بىر سىنىپتا

B

ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقىل - پاراستى ئانچە پەرقلەنمىسىمۇ، ||| شۇنىڭدەك جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىنكى تۇرمۇش، خىزمەت شارائىتى ئاساسەن ئوخشاش

P

بولمىسىمۇ، || لېكىن ياراتقان تۆھپىسىدە پەرق چوڭ بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com




P B ə A

ئۆلەي دېسە ‖| جان تاتلىق، ‖ يېمەي دېسە ||| نان تاتلىق ئىكەن،
T
جان باقماق ئەلا ئىكەن ئاكا......




## 5.3 تۆت قاتلاملىق قوشما جۈملە

ə A

ئۇلارنى سورۇندىن بۇگۇنكىدەك قوغلايدىغان چاغ تېخى ئالدىمىزدا، |

B

شۇنداق چاغلارمۇ كېلىدۇكى ‖ تۆر هامان جاپاكەش خەلققە ـ ئەمگەك ئەھلىگە

P

مەنسۇپ بولىدۇ، |||| بارلىق خەلقپەرۋەر ئاقارتقۇچىلارغا، بىلىم ئىگىلىرىگە مەنـ

T

سۇپ بولىدۇ، ‖| چۈنكى بىلىمسىزلىك بىلەن بۇ دۇنيادا ھېچقانداق ئادەم ئىنـ سانى سورۇنغا، ئەركىنلىك سورۇنغا سازاۋەر بولالمايدۇ.




ə A

بىزنىڭ پادىشاھىمىزنىڭ بىر مەلىكىسى بار، | ئۇ شۇنداق چىرايلىق

B

قىزكى || ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىغا دۇنيادىكى پۈتۈن قىزلارنىڭ چىرايلىقلىقى تەڭ

H Q J T Г

كېلەلمەيدۇ، ||| ئاي دېسە، ||| ئاغزى بار، ||| كۈن دېسە، ||| كۆزى بار، ||| شۇنداق چىرايلىق مەلىكە.




كۆپ قاتلاملىق قوشما جۈملىنىڭ بەش قاتلاملىق، ئالتە قاتلاملىق ھەتتا ئۇنىڭدىن كۆپ قاتلاملىقلىرى بولۇشى مۇمكىن، ئادەتتە بۇخىلدىكىلىرى كۆپ ئۇچرىمايدۇ.

كۆپ قاتلاملىق جۈملىنى تەھلىل قىلغاندا تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىنى تونۇۋېلىش كېرەك: بىرى پۈتۈن جۈملىنى نەزەردە تۇتۇپ، تەدرىجى ئانالىز قىلىش لازىم، يەنە بىرى باغلىغۇچىلارنى تېپىپ چىقىپ مەنە مۇناسىۋىتىگە بىرلەشتۈرۈش كېرەك، بۇ ئىككى نۇقتىنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش كېرەك. پۈتۈن جۈملىنى نەزەردە تۇتۇش دېگەنلىك ئەتراپلىق قاراش دېگەنلىكتۇر، تەدرىجى ئانالىز قىلىش دېگەنلىك پۈتۈنلىكتىن قىسمەنلىككە قاراپ، قاتلاممۇ - قاتلام تەھ-

لىل قىلىش دېگەنلىكتۇر. باغلىغۇچىلارنى تۇتۇۋېلىش دېگەنلىك ھەر خىل مۇناسى-ۋەتلەرنىڭ ئىپادىلىنىش ئالامىتىنى تۇتۇۋېلىش دېگەنلىكتۇر، (ئەگەر باغلىغۇچىلار يوق ياكى قىسقارتىلىپ كەتكەن بولسا قانداق باغلىغۇچىلارنى قويۇشقا بولىدىغان-لىقىغا قاراش كېرەك) مەنە مۇناسىۋەتتىكە بىرلەشتۈرۈش دېگەنلىك لېكسىكىلىق مە-نىسى ۋە مۇئەييەن تىل كونتېكىستىغا ئاساسەن ئەقىلگە مۇۋاپىق تەھلىل قىلىش دېگەنلىكتۇر. بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملىنى 4 - دىكى ئۇسۇل ياكى 5 - دىكى ئۇسۇل بويىچە تەھلىل قىلىش بولسا، بىر مەسىلىنى ئىككى خىل نۇقتىدىن چۈ-قىپ ئانالىز قىلىشتىن ئىبارەتتۇر، خالاس.

6 . قوشما جۈملىنىڭ ئۆزگىرىشى

تىلنىڭ ئەتراپلىق ۋە تەپسىلى بولىشى ئۈچۈن ئادەتتىكى قوشما جۈملىلەر-نىڭ بەزىلىرى كېڭىيىپ كۆپ قاتلاملىق قوشما جۈملىگە ئايلىنىشى مۇمكىن، تىل-نىڭ ئىخچام ۋە چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن بەزىلىرى يىغىنچاقلىنىپ ئاددى جۈملە، ياكى قوشما يىغىق جۈملىگە ئايلىنىشى مۇمكىن.

6.1 قوشما جۈملىنىڭ ئاددى جۈملىگە ئۆزگىرىشى

ئادەتتىكى قوشما جۈملە ئاددى جۈملىگە ئايلانغاندا بەزى تارماق جۈملىدىكى بىرەر بۆلەك قىسقىراپ، بۇ تارماق جۈملە ئاددىجۈملىنىڭ بىرەر بۆلىكىگە ياكى مۇستەقىل تەركىپكە ئايلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

ئويغانسام كازىم ئادىتىچە كۆك دەپتەردىن بىر نىمىنى ئوقۇۋېتىپتىكەن

(قىستۇرما)

قارىسام پويىز ھەيدەشنى ئۆگىنىشتىن ھېچ بىر دېرەك يوق.

(قىستۇرما)

قارىسا ئۆزىنىڭ بىر پاي كەشىسى لىگەندە تۇرغىدەك.

قىستۇرما)

6.2 قوشما جۈملىنىڭ يىغىق قوشما جۈملىگە ئۆزگىرىشى

يىغىق قوشما جۈملە بولسا قوشما جۈملىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىل-لەنگەن بىر خىل ئىخچاملانغان قوشما جۈملە شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدا تارماق جۈم-لىلەر بىرەر ئورتاق بۆلەك ياكى تەركىپكە ئىگە بولىدۇ.

(1) 6.2 يىغىق تەڭداش قوشما جۈملە:

چۆللىكنىڭ چۆلچە، تاغنىڭ تاغچە، گۈزەللىكى بولىدۇ.

(ئورتاق خەۋەر)

بۇ قېتىمقى يىغىندا مۇشۇ ئىش مۇزاكىرە قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

(ئورتاق ئىگە)

سەن مېنى تۇغدۇڭ، ئۆستۈردۈڭ چوڭ قىلدىڭ.

(ئورتاق ئىگە) (ئورتاق تولدۇرغۇچى)

بىر چوڭنىڭ گېپىگە كىر، بىر كىچىكنىڭ.

(ئورتاق خەۋەر)

بارا - بارا بوران چاپقىداپ ئۇرغىلى، سۇ كۈچەيگىلى باشلىدى.

(ئورتاق تەركىپ)

خۇداغا شۈكۈر، ئەلۋەتتە كىشىگە ساق، ئۆزەمگە ئاغرىق يۈرۈپتىمەن.

(ئورتاق تەركىپ)

(2) 6·2 بېقىندى جۈملىلىك يىغىق قوشما جۈملە:

ئىشلىسەڭ چىشلەيسەن. (يوشۇرۇن ئورتاق ئىگە)،

يىغلىسام يىغام، داتلىسام دادىم يەتمىدى.

(ئورتاق تەركىپ)

ئوقۇسا، ئوينىسا، كۈلسە، يايرىسا، نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە!

(ئورتاق خەۋەر)

ياخشى بولسا ئۆزىدىن كۆرىدۇ، يامان بولسا ئۆزگىدىن.

(ئورتاق خەۋەر)

7·1 جۈملە توپى

جۈملە توپى (ياكى جۈملە گۇرۇپپىسى) بولسا ئىككى ياكى بىر قانچە مەنە جەھەتتە يېقىن مۇناسىۋەتلىك، قۇرۇلما جەھەتتە ھەر قايسى مۇستەقىل بولغان ئاددى جۈملە، ياكى قوشما جۈملىدىن، ياكى ئاددى جۈملە ۋە قوشما جۈملىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

△ بۇلار تاققا كۆچۈپ چىققاندىن بېرى گۈلسۈمخاننىڭ ئۇچۇق كۆڭۈل مۇلايىم تەبىئىتى خوشنىلىرىغا يېقىپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇنى خولۇم - خوشنىلىرى ھەر كۈنى دېگۈدەك يوقلاپ تۇراتتى.

△ قىش ئايلىرى تۈگەپ قالغان بولسىمۇ، بۇ كەڭ سايلىقتا سوغاق تېخىچە ئۆز كۈچىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. شۇڭا كۈندە دېگۈدەك شىۋىرغان چىقىپ قار-

لارنى ئويمانلارغا تىقاتتى، ئۇ يەر بۇ يەردە قار بارخانلىرىنى ھاسىل قىلاتتى.

باتۇر بىلەن كامال ئۆزلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەندى، ئىككىلەنىنىڭ كۆز ئالدىغا ۋاڭنىڭ ئۇلارنى سوراق قىلغان ۋاقتىدىكى دەھشەتلىك تەلەتى كەلدى. ۋاڭ: «بۇ ئىتنىڭ بالىلىرىغا رەھىم قىلىنمىسۇن» دېگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىدىن گۇمان قىلمىدى. لېكىن ئۇلار بىر نەرسىدىن خوشال ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ پۇت قوللىرى بوش، مۇشۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ بىر ئامال قىلىپ كۆزەتچىلەرنى ئۆلتۈرۈپ قېچىشنى ئويلىدى.

جۈملە توپىنىڭ تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرلۈك ئالاھىدىلىكى بار:

① ئەڭ ئاز بولغاندا ئىككى جۈملىدىن تۈزۈلىدۇ. جانلىق تىلدا كەم دېگەندە ئىككى جۈملە ئىنتوناتسىيەسى بولىدۇ. يېزىق تىلدا كەم دېگەندە جۈملە ئارىسىدا ئىككى تىنىش بەلگىسى بولىدۇ. (مەسىلەن: چېكىت، سوئال ۋە ئۈندەش بەلگىلىرى).

② بىر قانچە جۈملە مەنە جەھەتتە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىر مەركىزى مەزمۇننى ئىپادىلەپ، جۈملىگە نىسبەتەن بولغان ئالاقىلىشىش بىرلىكىنى تۈزىدۇ.

③ جۈملە توپىدىكى جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق بىرىكسە، بەزىلىرى مەنە ئارقىلىق بىۋاستە بىرىكىدۇ.

④ بىر قوشما جۈملىگە ئايلاندۇرۇشقا بولىدۇ. جۈملە توپى بىر مەركىزى مەزمۇننى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن، بىر جۈملە ئىنتوناتسىيەسىنى ئىشلىتىپ، جۈملىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، يېزىقتا جۈملە ئارىسىدا قوللىنىدىغان تىنىش بەلگىسىنى ئىشلىتىپ قوشما جۈملىگە ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ.

## 7.2 قوشما جۈملە ۋە جۈملە توپىنىڭ پەرقى

گەرچە قوشما جۈملە بىلەن جۈملە توپىنى ئۆز ئارا بىر - بىرىگە ئايلاندۇرۇشقا بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل تىل بىرلىكىدۇر. جۈملە قانچىلىك مۇرەككەپ بولمىسۇن ئۇ يەنىلا بىر جۈملە، جۈملە توپى قانچىلىك ئاددى بولسۇن، ئۇنىڭدا ئەڭ ئاز دېگەندە ئىككى جۈملە بولىدۇ. قوشما جۈملىدە بىر جۈملە ئىنتوناتسىيەسى بولىدۇ، يېزىقتا جۈملە ئاخىرىدا قوللىنىدىغان بىر تىنىش بەلگىسى بولىدۇ. جۈملە توپىدا كەم دېگەندە ئىككى جۈملە ئىنتوناتسىيەسى بولىدۇ، يېزىقتا ئاز دېگەندە جۈملە ئاخىرىدا ئىشلىتىلىدىغان ئىككى تىنىش بەلگىسى بولىدۇ.

جۈملە توپىنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش تىلنى چۈشىنىش ۋە ئۆيۈشتۇرۇشتا، ساغلام بولمىغان تىل ھادىسىلىرىنى تۈزىتىشتە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

# ھىجرىيە ۋە مىلادىيە كالىندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

(چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن جەدۋەل بىلەن كۆرسىتىلدى)

| ھىجرىيە يىل تەرتىۋى / مىلادىيە يىل تەرتىۋى / ئايرىمىسى / ھىجرىيە ئاي تەرتىۋى | 861 | | | 862 | | | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1456 - 1457 | | | 1457 - 1459 | | | |
| | كۈنلەر | مىلادىيە ئايلىرى | ھەپتە | كۈنلەر | مىلادىيە ئايلىرى | ھەپتە | |
| 1 | 29 | 11 | 2 | 19 | 11 | 7 | ھەر ئىككى كالىندارنىڭ |
| 2 | 29 | 11 | 4 | 19 | 12 | 2 | كۈن، ھەپتىلىرى ئوخشاش |

## ھىجرىيە يىلىنىڭ ئاي ئىسىملىرى ۋە تەرتىۋى

| | |
|---|---|
| **Əlmuḥərrəm** | 1. ئەلمۇھەررەم |
| **Səpər** | 2. سەپەر |
| **Rəbiul əwwəl** | 3. رەبىئۇل ئەۋۋەل |
| **Rəbiussani** | 4. رەبىئۇسسانى |
| **Jamadiyəl əwwəl** | 5. جامادىيەل ئەۋۋەل |
| **Jamadiyəl ahir** | 6. جامادىيەل ئاخىر |
| **Rəjəp** | 7. رەجەپ |
| **Xə'ban** | 8. شەئبان |
| **Ramazan** | 9. رامازان |
| **Xəwwal** | 10. شەۋۋال |
| **Zulkə'də** | 11. زۇلقەئدە |
| **Zulḥijjə** | 12. زۇلھىججە |

www.uyghurkitap.com

| 178 | 861<br>1456 - 1457 | 862<br>1457 - 1458 | 863<br>1458 - 1459 | 864<br>1459—1460 | 865<br>1460—1461 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 29.11.2 | 19.11.7 | 8.11.4 | 28.10.1 | 17.10.6 |
| 2 | 29.12.4 | 19.12.2 | 8.12.6 | 27.11.3 | 16.11.1 |
| 3 | 27.1.5 | 17.1.3 | 6.1.7 | 26.12.4 | 15.12.2 |
| 4 | 26.2.7 | 16.2.5 | 5.2.2 | 25.1.6 | 14.1.4 |
| 5 | 27.3.1 | 17.3.6 | 6.3.3 | 23.2.7 | 12.2.5 |
| 6 | 26.4.3 | 16.4.1 | 5.4.5 | 24.3.2 | 14.3.7 |
| 7 | 25.5.4 | 15.5.2 | 4.5.6 | 22.4.3 | 12.4.1 |
| 8 | 24.6.6 | 14.6.4 | 3.6.1 | 22.5.5 | 12.5.3 |
| 9 | 23.7.7 | 13.7.5 | 2.7.2 | 20.6.6 | 10.6.4 |
| 10 | 22.8.2 | 12.8.7 | 1.8.4 | 20.7.1 | 10.7.6 |
| 11 | 20.9.3 | 10.9.1 | 30.8.5 | 18.8.2 | 8.8.7 |
| 12 | 20.10.5 | 10.10.3 | 29.9.7 | 17.9.4 | 7.9.2 |
| | * | | | * | |

| 174 | 866<br>1461 - 1462 | 867<br>1462 - 1463 | 868<br>1463 - 1464 | 869<br>1464 - 1465 | 870<br>1465 - 1466 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 6.10.3 | 26.9.1 | 15.9.5 | 3.9.2 | 24.8.7 |
| 2 | 5.11.5 | 26.10.3 | 15.10.7 | 3.10.4 | 23.9.2 |
| 3 | 4.12.6 | 24.11.4 | 13.11.1 | 1.11.5 | 22.10.3 |
| 4 | 3.1.1 | 24.12.6 | 13.12.3 | 1.12.7 | 21.11.5 |
| 5 | 1.2.2 | 22.1.7 | 11.1.4 | 30.12.1 | 20.12.6 |
| 6 | 3.3.4 | 21.2.2 | 10.2.6 | 29.1.3 | 19.1.1 |
| 7 | 1.4.5 | 22.3.3 | 10.3.7 | 27.2.4 | 17.2.2 |
| 8 | 1.5.7 | 21.4.5 | 9.4.2 | 29.3.6 | 19.3.4 |
| 9 | 30.5.1 | 20.5.6 | 8.5.3 | 27.4.7 | 17.4.5 |
| 10 | 29.6.3 | 19.6.1 | 7.6.5 | 27.5.2 | 17.5.7 |
| 11 | 28.7.4 | 18.7.2 | 6.7.6 | 25.6.3 | 15.6.1 |
| 12 | 27.8.6 | 17.8.4 | 5.8.1 | 25.7.5 | 15.7.3 |
| | * | | | * | |

## يېڭى كىتاب خەۋىرى

«ئەبۇ نەسىر فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى سىستېمىسى» — بۇ، مەكتۇۋىمىزنىڭ دوتسېنتى يولداش ئابدۇشۈكۈر مەھەممەتئىمىننىڭ كۆپ يىللىق ئىلمىي ئىزلىنىشلىرى ۋە ھەر قايسى تىللاردىكى مول ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشى ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، ئەسلىدە ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا، مەكتىۋىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلانغان ئىدى، لېكىن ھەرخىل سەۋەپلەر تۈپەيلى نەشردىن چىقىشى كېچىكىپ قالدى. بۇ كىتاب پات ئارىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ.

شەرق خەلقلەرنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، ئېنسىكلوپېدىك ئالىم فارابى ئۆز دەۋرىدە «شەرقنىڭ ئارستوتىلى»، ئارستوتىلدىن كېيىنكى «ئىككىنچى ئۇستاز» دېگەن ھۆرمەتلىك نامغا ئىگە بولۇپ، چوڭ شۆھرەت قازانغان، ئۇ، ئۆز دەۋرىدىكى ئىلىم - پەننىڭ كۆپ ساھەلىرىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان، ھەمدە نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخىغا زور تۆھپە قوشۇپ ئۆچمەس مىراس قالدۇرغان.

يولداش ئابدۇشۈكۈر مەھەممەتئىمىننىڭ بۇ ئەسىرى مەملىكىتىمىزدە فارابى ھەققىدە سىستېمىلىق توختالغان تۇنجى ئەسەر. ئۇ كىتابخانلارنى فارابىنىڭ ھايات پائالىيىتى، ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئۇ ياشىغان ئىجتىمائىي مۇھىت ھەققىدىكى بىلىملەر بىلەن تەمىنلەپلا قالماي، بەلكى ئىلىم - پەن تارىخى، پەلسەپە تارىخى، ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخى قاتارلىق ساھەلەردىمۇ مول بىلىم بىلەن تەمىنلەيدۇ. شەرق ئەللىرى جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پەلسەپە تارىخى ۋە مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى يولداشلارغا ياخشى ئۈلپەت بولالايدۇ.

زارىپ دۆلاتوپ

### مۇشتەرىلار دىققىتىگە:

تەھرىر بۆلۈمىمىز ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغۇچى يولداشلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئىجتىمائىي پەن قىسمى) نىڭ 1984 - 1985 - يىللىق توپلاملىرىنى ئىشلىمەكچى. توپلام قاتتىق كىلېيونكا مۇقاۋىلىق بولۇپ، كۆرۈنىشى كۆركەم، ساقلاشقا ئەپلىك، باھاسى بەش يۈەن، ئېلىشنى خالىغۇچى ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ تەھرىر بۆلۈمىمىز بىلەن ئالاقىلىشىپ سېتىۋېلىشنى ئۈمىت قىلىمىز.

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## تۈزىتىش

| بەت | قۇر (يۇ) | قۇر (تۆ) | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|
| مۇقەددىمە | 1 | | تەتبىق | مەتقىق |
| | | 6 | 性 | 情 |
| 3 | | 9 | پەيلاپلارنىڭ | پەيلاسوپلا نىڭ |
| 71 | 7 | | هۆل | هۇل |
| 82 | | 6 | باش | باي |
| 82 | 12 | | كۆكتۈرك | ئۇيغۇر |
| 83 | 5 | | يانجۇ | يابغو |
| 109 | | 14 | جانلىرىدىن | چايلىرىدىن |
| 113 | | 3 | دەۋگە | دەۋرگە |
| 124 | 5 | | ئاراپلاندىكى | ئازابلاندىكى |

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

新疆大学学报（哲学，社会科学维文季刊）

(پەسىللىك ژۇرنال)

1986 - يىل 1 - سان

(ئومۇمى سانى 25)




يەركەن مەسچىتىدىكى ياغاچ راۋاق


نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر قايسى پوچتىخانىلار
باسقۇچى: شىنجاڭ داشۆ باسما زاۋۇدى
تارقاتقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
ش. ئۇ. ئا. ر. ژۇرناللارنى تىزىملاش ئورنىنىڭ كىنىشكە نومۇرى: 321

باھاسى: 0.50 يۈەن

ۋاكالەت نومۇرى: 58 — 13